# ۋۇدېڭيۇن



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ۋۇ دېڭيۇن




قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

3004/07

**图书在版编目（CIP）数据**

吴登云 : 维吾尔文 / 艾斯卡尔·艾合米地，阿布来提·居马·土普热克著. -- 喀什 : 喀什维吾尔文出版社，2011.3
ISBN 978-7-5373-2291-1

Ⅰ. ①吴… Ⅱ. ①艾… ②阿… Ⅲ. ①吴登云一生平事迹一维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①K826.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 041

责任编辑：**姑丽巴哈尔·麦麦提依明**
责任校对：**阿尔祖古丽·斯迪克**

吴登云

策划：**艾尔肯·艾麦提**

作者：**艾斯卡尔·艾合米地**
**阿布来提·居马·土普热克**

---

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
（喀什市塔吾古孜路 14 号邮编：844000）
**各 地 新 华 书 店 经 销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
787×1092 毫米 1/32 开本 3.5 印张 4 插页
2011 年 3 月第 1 版 2011 年 3 月第 1 次印刷
印数：1—3500 定价：8.00元

---

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998 — 2653927



گوۋۇيۇەنىنىڭ سابىق مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى لەنچىڭ
ۋۇدېڭيۇنىنى قوبۇل قىلدى



سەھىيە مىنىستىرلىقى ۋۇدېڭيۇنگە شەرەپ مېدالى
تەقدىم قىلدى



ۋۇدېڭيۇن داۋالاپ ساقايتقان بىمارلار ئۇنىڭغا گۈل
تەقدىم قىلدى



ۋۇدېڭيۇن داۋالاش ھەققىدە كۆپچىلىك بىلەن بىللە
مۇزاكىرە ئېلىپ بارماقتا



ۋۇدېڭيۇن بىمارلاردىن ئەھۋال سورىماقتا



ۋۇدېڭيۇن كېسەل كۆرمەكتە



ۋۇدېڭيۇن كېسەل كۆرمەكتە



ۋۇدېڭيۇن داۋالاش ئۈستىدە



ۋۇدېڭيۇن يىراققا نەزەر سالماقتا



ۋۇدېڭيۇن كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئەمگەك قىلماقتا



ۋۇدېڭيۇن بىمارلاردىن ئەھۋال سورىماقتا



ۋۇدېڭيۇن داۋالاش ئۈستىدە

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................ 1
قەلب ئېتىزىدا ئېخلانغان گۈل ........................ 3
ئىسسىق قان ........................ 9
ئىزدىنىش ........................ 13
ھاياتقا قايتا كۆز ئاچقاندا ........................ 23
ياشارغان تەن ........................ 31
دادام دەپ چاقىرغۇسى بار ئادەم ........................ 38
سۇ بويىدىكى ھەمراھ ........................ 44
دوختۇر روھى ........................ 47
ئوقسالۇردىكى جەڭ ........................ 52
يىلتىز ئېخ سۇرىدۇ ........................ 57
مەنبە ئەسلىدە سىز! ........................ 63
كېسەلنىڭ ئۆگىيى يوق ........................ 67
ئاھ قان، ئاھ جان! ........................ 72
يوقالغان ئىمار ........................ 76
خاسىيەتلىك ئۇدۇم ........................ 80
ياخشى دوست — كىتاب ........................ 84
ۋۇدېگيۇننىڭ يۈرەك پارىسى ........................ 88

كىچىك «بۇلبۇل»نىڭ يۇرەك ساداسى ......................92
ھەيكەلدە چاقنىغان سىيما .......................104
خاتىمە.................................107

# مۇقەددىمە

دەۋر قەھرىمانلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ۋۇ دېڭيۈنىنىڭ ئىش ئىزلىرىغا قىزىقىپ كېلىۋاتقىنىمغا خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭغا سەۋەب بولغىنى ۋۇ دېڭيۈنىنىڭ ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان ماقالە ـ ئەسەرلەر، خەۋەر ۋە تېلېۋىزىيە فىلىملىرى بولۇپلا قالماستىن، غوپۇرجان ئىسىملىك ساۋاقدىشىمنىڭ ۋۇ دېڭيۈن ھەققىدە ئېيتىپ بەرگەن ياخشى تەرىپ ۋە سۆيۈنۈشلىرى ئىدى. مېنىڭ بۇ ساۋاقدىشىم ئۇلۇغچات چېگرا مۇداپىئە قىسمىدا 20 يىل رەھبەرلىك خىزمىتى ئىشلىگەن. مۇشۇ جەرياندا ئۇ ۋۇ دېڭيۈنىنىڭ نۇرغۇن تەسىرلىك ئىشلىرىنى كۆرگەن، ئۆزىمۇ سوقۇر ئۈچەي كېسىلىنى ۋۇ دېڭيۈنگە ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ ساقايغان. غوپۇرجان مۇنداق دېگەنىدى: ئادەم ئىش قىلغانغا ھېچ نېمە بولمايدىكەن، ۋۇ دېڭيۈن بىر كۈندە قىلغان ئىشنى بەلكىم باشقا ئادەم نەچچە كۈندىمۇ قىلىپ بولالماسلىقى، ھەتتا ۋايىسىشى مۇمكىن. لېكىن، ۋۇ دېڭيۈنىنىڭ قىلغان ئىشلىرى بەكمۇ كۆپ. ئەڭ تەسىرلىكى: ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بىمارلارغا 30 نەچچە قېتىم ھەقسىز قان تەقدىم قىلغان، تېرىسى كۆيۈپ يارىلانغان بىر

بالىغا ئۆزىنىڭ تىرىسىنى كىسىپ چاپلىغان. ئۇ ئىنتايىن قەيسەر بولۇپ شارائىت ھەرقانچە جاپالىق بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ھاياتى بىلەن ھىسابلاشماي، جان تالىشىۋاتقان ئادەملەرنى بىر ئامالىلارنى قىلىپ قۇتقۇزىدۇ. بۇ ئاجايىپ پەزىلەت. ئۇنىڭدا پۇل، مەنپەئەت تەمەسى، شۆھرەت، ھوقۇق تەمەسى يوق! مەن ۋۇ دېگيۇنىنىڭ پەزىلىتىدىن دوختۇر دېگەن ئەسلىي شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىكەن دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئەجىر - ئەمگەكلىرى، پۈتۈن ھاياتىنىڭ قىممەتلىك مىنۇتلىرى ئاشۇ زېمىندىكى قىيالار، جىرالار، نۇرغۇن كىشىلەر بىلمەيدىغان جايلاردا قالدى. لېكىن، ئۇ ئاشۇ يەردىكى ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدە چاقنىغان يۇلتۇز، يۈرىكىگە ئوت ياققان ئاتەش، تەپەككۇر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلغان قەيسەر بۈركۈتكە ئايلاندى! ......

بۇ تەرىپلەر ئادەمنى بەكمۇ ھاياجانغا سالاتتى. ئاشۇ تەرىپلەرنى يىپ ئۇچى قىلىپ، ۋۇ دېگيۇن ھەققىدىكى ئىزدىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرى نامايان قىلىنغان بۇ كىتابچىنى كىتابخانلارغا سۇندۇق.

# قەلب ئېتىزىدا بىخلانغان گۈل

ۋۇدېڭيۇن كىچىكىدىنلا ياۋاش، سەمىمىي بولۇش بىلەن بىر چاغدا تىرىشچان، ئەستايىدىل ئىدى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ھەر كۈنى مەكتەپكە بېرىش-كېلىش ئۈچۈن 20 نەچچە چاقىرىم يول يۈرەتتى. مەكتەپتە ئۆتۈلگەن دەرسلەر ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇ ھەر كۈنى يولبويى دەرسلەرنى يادلايتتى، كىتابنى قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ، ھارغىنلىقىنى باساتتى، ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئاتا- ئانىسىغا ياردەملىشىپ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرەتتى. ئۇ مانا مۇشۇ جەرياندا ھەر جەھەتتىن پىشىپ يېتىلدى. ئۇنىڭ جىسمىنى، روھىنى بىر خىل جاپاغا چىداش، بېرىلىپ ئىشلەش، باش تارتماي ئادا قىلىشتەك قەتئىيلىك ئىگىلىدى. شۇڭا، ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا ئۇ ئالاھىدە پەرقلىق بالا بولۇپ قالدى. بۇنىڭدا ئىككى سەۋەب بار ئىدى: ئۇنىڭ بىرى، بوينىنىڭ پاكارلىقى، ئەينى چاغدا ئۇ ھەمىشە رەتكە تىزىلسا، بوينىنىڭ پاكارلىقى بىلەن ئۆز سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى، بۇ ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالغان، ساۋاقداشلىرىنىڭ قارىشىدىمۇ بۇ بىر ئاددىي ئۇقۇم، نىشان بولۇپ قالغانىدى؛

يەنە بىرى، ئۇ ئۆگىنىش ۋە باشقا جەھەتلەردىمۇ بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى. ئۇ مەيلى دەرستە بولسۇن، مەيلى مەكتەپنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى، ئەمگەك، تازىلىق ئىشلىرىدا بولسۇن، ئىشقا ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇراتتى. بۇنداق قىزغىنلىق نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى تەسىرلەندۈرسە، ئوقۇتقۇچىلارنى سۆيۈندۈرەتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ ئارتۇقچىلىقلار ئۇنىڭ تېنىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئىبارەت كىچىككىنە كەمتۈكلۈ-كىنىمۇ تولدۇرۇپ كېتەتتى.

ۋۇدېڭيۇن تۇرۇشلۇق رايون جوگاۋ دەپ ئاتىلاتتى، بۇ يەرنىڭ شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولۇش بىلەن بىر چاغدا، كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى تولىمۇ مۇرەككەپ، تۇرمۇشى قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتەتتى. ۋۇدېڭيۇننىڭ ئائىلىسىمۇ دەل ئاشۇنداق مۇھىتنىڭ بىسمى ئاستىدا قىيىن تۇرمۇشنىڭ بوران- چاپقۇنلىرى ئىچىدە ئۆتەتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ۋۇدېڭيۇننىڭ تىرىشچانلىقى ئۇنىڭ كۆڭۈلدىكى ھاياتى ۋە ياشاش پۇرسەتلىرىنى بەلگىلىك مەنىلەرگە ئىگە قىلىپ كەلدى. بۇ مەنىلەر ئۇنىڭ ھەر تەرەپتىكى نەتىجىسى، كىشىلەرنى قايىل قىلغان پائالىيەتلىرى ئارقىلىق نامايان بولاتتى. 1954 - يىلى ۋۇدېڭيۇن جوگاۋ رايونى بويىچە ناھىيەلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە تاللانغان ئىككى ئوقۇغۇ-چىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ساۋاقداشلىرى بىلەن ئوقۇتقۇچىلىرى بۇنىڭدىن ئانچە ھەيران قالمىدى، بەلكى تەسىرلەندى، نۇرغۇن ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا ئوخشاش تىرىشىپ ئۆگىنىشنىڭ شۇ قەدەر مۇھىم، شۇ قەدەر توغرا ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تونۇپ يەتتى. ئەمما، نۇرغۇن

ئاتا- ئانىلار ئۇنىڭ ئىككى ياخشى ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى بولۇپ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتۈشكە ھەيران قالدى. قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى، ئەجرى بىكارغا كەتمىدى.

ئاشۇ يىلى ئۇنىڭ يۇرتىدا كۆتۈلمىگەن ئېغىر ئاپەت يۈز بەردى. «كۆتۈرەلمەسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، ئاز كۆرۈلىدىغان قارا يامغۇر يېغىپ كەلكۈن پەيدا قىلىپ، ھەممىلا يەرنى سەل بېسىپ كەتتى، كىشىلەر ئېگىز جايلارغا چىقىۋالدى، نۇرغۇن ئۆيلەر، زىرائەتلەر سۇ ئاستىدا قالدى. ھېسابسىز مال - مۈلۈك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى قۇم - شېغىل ئاستىدا قېلىپ نابۇت بولدى، كىشىلەر نېمە قىلىشنى بىلەلمىدى، قانداق ياشاش، تۇرمۇشنى قانداق ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۆزى يەتمىدى. كىشىلەر ئەلەملىك خورسىنىپ تارام - تارام ياش تۆكۈشتى...... ئەينى چاغدىكى ھايات، تۇرمۇش تەرتىپى بىردىنلا بۇزۇلۇپ، ھەممە قالايمىقان، ھەممە ۋەھىمىلىك بولۇپ قالدى...... ۋۇدېگيۇن ئۈچۈنمۇ شۇنداق بولدى، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئېغىر كۈلپەت ئىچىدە قالدى. تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ئۇنىڭ ھەممە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى بەربات قىلىۋەتتى. ئۇ ئەمدى ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ ئوقۇيالمايدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭدەك يارامىلىق ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇيالماي قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىدى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغان ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپتىن تۇرمۇش پۇلى بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوقۇش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھام بەردى. بۇنداق ئىلھام

ئاخىر ئۇنىڭ دادىسىنى تەسىرلەندۈردى، ۋۇدېڭيۇن ئوقۇشقا باردى. ئاشۇ يىللاردىكى قىيىنچىلىق ۋە قىيىنچىلىققا قارشى ئېلىپ بېرىلغان تىرىشچانلىقلار ۋۇدېڭيۇننىڭ روھىنى تېخىمۇ تاۋلىدى، ئۇ ئىزچىل ئەلا ئوقۇپ ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدى. مەكتەپ ئۇنىڭغا ھەر تەرەپلىمە پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بەردى. ئوغلى-نىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان نەتىجىلىرى، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئىش ئىزلىرى، ئۈزۈلدۈرمەي تىرىشىدىغان قەتئىيلىكى دادىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى، دادا ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر ئوغلىنىڭ بولغانلىقىدىن شۇ قەدەر سۆيۈندى، پەخىرلەندى. ھېچ نەرسىسى بولمىسىمۇ، ئاشۇ بالىسى بولغىنى ئۈچۈن دۇنيادا ھېچ نەرسىسى كەم ئەمەستەك تۇيغۇ بىلەن ياشىدى. بۇلار بىر ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ ئورتاق قارىشى بولۇپ قالدى، جەمئىيەتتىكى سانسىزلىغان كىشىلەر ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ پەخىرلىنەرلىك ئىشلىرىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. دادا قەلبىدە بۇ ئوغۇل يېگانە گۆھەر، ئەبەدىيلىككە ئىگە بەخت ھەدىيە قىلغۇچى بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئۇ ئوغلىنى بارلىق كۈچى بىلەن قوللىدى، باشقىلاردىن پۇل قەرز ئېلىپ، ۋۇدېڭيۇننى ئالىي مەكتەپكە ئۆزىتىپ قويدى.

بۇنداق پۇرسەت ئۇنىڭغا ناھايىتى تەستە كەلدى. ۋۇ دېڭيۇن بۇرۇنقى كۈنلەرنى ئەسكە ئالغاندا قاتتىق ھاياجانلىنىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلىدۇ. كۆز ئالدىدىن ئاشۇ ئىشلار خۇددى كىنو لېنتىسىدەك ئۆتىدۇ.

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، تىرىشىپ

ئوقۇپ، ئەلا نەتىجە بىلەن سىنىپتا ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈشكە ئاز قالغاندا، مەكتەپنىڭ تامىقى ئىنتايىن ناچارلىشىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۆيىدىن كېلىدىغان پۇلمۇ توختاپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوقۇش راسخوتىنىمۇ تۆلىيەلمەي قالدى. بۇ چاغدا ۋۇ دېڭيۈن ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۆزى ھەل قىلىشتىن باشقا چىقىش يولىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، كىچىك بىر كۆمۈر كانىغا بېرىپ ئىشلەش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئۆگىنىشكە تەسىر يېتىپ قېلىشتىن بەكمۇ ئەنسىرىدى، شۇڭا ئۇ دەم ئېلىش كۈنلىرىلا كۆمۈر كانىغا بېرىپ، كۈنىگە ئاران 60 پۇڭغا ئىشلىدى. مەكتەپ بىلەن كۆمۈر كانىنىڭ ئارىلىقى 10 چاقىرىم بولۇپ، ۋۇدېڭيۈن يول كىراسىنى تېجەش ئۈچۈن پىيادە بېرىپ - كەلدى. تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەندە ئۇ كاندا ئىشلەپ خېلى كۆپ پۇل تاپتى.

ۋۇدېڭيۈن مەكتەپ بەرگەن ئاشلىق بېلىتىنى تولىمۇ تېجەشلىك بىلەن ئىشلەتتى، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئاتا - ئانىسىغا ئەۋەتسە، يەنە بىر قىسىم ئاشقان، تېجىگەن بېلىتىنى قىيىنچىلىقى بار ساۋاقداشلىرىغا ياردەم قىلدى......

ۋۇدېڭيۈنىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرى ئالىي مەكتەپكە بارغاندىن كېيىنمۇ داۋاملاشتى. گەرچە ئالىي مەكتەپتىكى تۇرمۇش باشقىچە بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياشاش مۇساپىسىدە ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغانلىقتىن، پەزىلەت، خىسلەتلىرىنى نامايان قىلىشتىن توختاپ قالمىدى، ئۇ بۇ يەردىمۇ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى، قىزغىنلىقى، غەيرەت - جاسارىتىنى جارى

قىلدۇرۇپ، ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

قىسقىسى، مانا مۇشۇنداق تەرەپلەر ئۇنىڭ كېيىنكى ھايات مۇساپىسىنىڭ ئۇلىنى پۇختا يارىتىپ بەردى.

# ئىسسىق قان

ھەركىم ھاياتقا كۈلۈپ باقسام دەيدۇ، بىراق ھەقىقەتەن شۇنداق قىلالىشى ناتايىن. چۈنكى، ئادەم بىر كۈن كۈلسە، يەنە بىر كۈن يىغلايدۇ، بۇ ئەلمىساقتىن ئۇدۇم قالغان ئىش. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، كۈلۈپ ياشىغانغا، كۈلۈپ ئۆتكەنگە يەتمەيدۇ. شۇڭا، ئىرادىلىك ئادەملەر ھەرقانداق ئەھۋالدا ھاياتقا كۈلۈپ مۇئامىلە قىلىش بىلەن مەنە تاپىدۇ ۋە ھاياتلىق قىممىتىنى يارىتىدۇ......

ۋۇ دېڭيۈن بۇ يەرگە كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە بۇنچىلىك ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان، ھەتتاكى ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ، چۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان يېگانە ھاياتىدىن، كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن غەم قىلىشقا باشلى-غانىدى. مانا بىرقانچە كۈن ئۆتتۈۋىدى، ئۇ بۇ يەرگە كۆنۈپ دىلى يۇمشاپ قالدى. ئۇنىڭغا ئۇچرىغان كىشىلەردىكى قىزغىنلىق، ئاددىي ـ ساددىلىق، سەمىمىلىك ئۇنىڭ قەلبىدىكى قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇشقا باشلىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ تەپەككۇرىنى قەدەممۇقەدەم ئالغا ئىلگىرىلىتىپ، كىشىلىك تۇرمۇش، ھايات ئۈچۈن قايتا ئويلىنىشقا ئۈندىدى. ئۇ ھاياتقا كۈلۈپ بېقىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى.

ئېنىقكى، ئۇ ھاياتقا كۆلۈپ باقمىسا، ھاياتمۇ ئۇنىڭغا كۈلۈپ باقمايتتى. بۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى كۆڭۈلدىكى مەيۈسلۈكى ئېلىپ كەلگەن بىچارىلىكتىن قۇتۇلۇش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن يەكۈنى بولۇپ، بۇ يەكۈن مەيۈسلۈكلەر ۋە شەرت-شارائىت پەيدا قىلغان ئازابلارنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئۇنى يېڭى ھاياتقا مەزمۇت قەدەم قويۇش يولىغا باشلاپ ماڭدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ كەچمىشلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، شارائىت ئالدىدا ئۆزىگە تەمەننا قويۇشنىڭ يولى يوقلۇقىنىمۇ چۈشىنىپ يەتتى. ئۆزىنىڭ ئوقۇش تارىخى، باشقا جايلاردىكى ياخشى شەرت - شارائىت ۋە بۇ يەر ھەققىدە ئويلىغانلىرى توغرىسىدا خىيال قىلسا، ھەقىقەتەن ئازابلىنىپ قالاتتى. چۈنكى، ئۇ 1964- يىلى ياڭجۇ تېببىي ئالىي تېخنىكومىنى پۈتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ تاللىشى بىلەن ئەڭ چەت، ئەڭ يىراق چېگرا رايون — ئۇلۇغچات ناھىيەسىگە كەلگەنىدى.

پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان ئۇلۇغچات ناھىيەسى قاتمۇقات تاغلار ئوراپ تۇرغان، قاتناش، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى ئىنتايىن ناچار تاغلىق رايون، ئەڭ قورقۇنچلۇق ۋە ئەڭ ئېغىر مەسىلە بۇ رايوندا ئېغىر دەرىجىدە ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك مەۋجۇت بولۇپ، ھە دېگەندىلا ھاياتقا تەھدىت ۋە خەۋپ پەيدا قىلىپ تۇراتتى. يېزى ئاز، قىشىنىڭ سوغۇقى ئىنتايىن كۈچلۈك، ھەمىشە سوغۇق شامال بىلەن تەبىئىي ئاپەت تەھدىت سېلىپ تۇرىدىغان بۇ زېمىن ئۇنىڭغا شۇ قەدەر سىرلىق ھەم قورقۇنچلۇق تۇيۇلدى. لېكىن، ئۇ يەنە بۇ يەردىكى مۇشۇنداق مۇھىتتا ياشاۋاتقانلارنى، ئۇلارنىڭ ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتـ-

قانلىقنى كۆرۈپ، ھېلىقى قورقۇنچلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى يەككە ھالدا ئويلىشىدىن ئەمەس، ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئورنىدا قويۇشى، باشقىلارنىڭ ھاياتى، تۇرمۇشى، ئومۇمىي ھالىتىنى ئويلىشىدىن كەلگەن يەكۇنى ئىدى. ئۇ دەسلەپتە چوڭقۇر ئويغا پاتتى، خىيال دەرياسىغا غەرق بولدى، قانداقتۇر بىرخىل كۈچ ئۇنى ئىتتىرىپ، ئىچىنى سىقىپ، يەنە بىر قېتىم قاڭقىپ بېقىش تۇيغۇسىنى قوزغىدى، ھەتتاكى ئۇنىڭ بۇ يەردىن تېزدىن كەتكۈسى كەلدى. بىراق، ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى تەپەككۇرىدا ھاسىل بولغان قىزىقىش ۋە كەسپىي خاراكتېر ئۇنى بۇ يەرگە مەھكەم باغلاپ، ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ، قاناتلىرىنى بوغقۇچلىدى. بۇ ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىنى بىر خىل ئىچكى رىغبەت بىلەن تەمىنلىدى.

مەكتەپ پۈتكۈزىدىغان چاغدا ئۇ بارلىقىنى خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن تەقدىم قىلىپ، ئەڭ يىراق، ئەڭ چەت، جاپالىق جايغا بېرىپ، ئۆزۈمنىڭ تېببىي خادىمغا خاس بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ، ۋەتەن - خەلققە ياخشى جاۋاب قايتۇرىمەن دەپ ۋەدە قىلغان ھەم ئارزۇسى بويىچە بۇ يەرگە تەقسىم قىلىنغان. ھالبۇكى، رېئاللىق ئۇ ئۆسكەن قايناق شەھەردىكىدەك جانلىق، قولاي، دەپدەبىلىك، يارقىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ يەردىكى تاغلارغا، قىيالارغا، جىرالارغا باردى، تاغ چوققىسىغا چىقىپ ئۈنىنىڭ بارىچە توۋلاپ ئىچىنى بوشىتىپمۇ باقتى. بىراق، ئۇ ئەڭ ئېگىز چوققىنى تاپىمەن دەپ چوققىلارغا ئۆرلەپ، «تاغنىڭ ئارقىسىدا تاغ بار»لىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى؛ ئۇ شۇ

يەردىكى كىشلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ شۇ قەدەر ناچارلىقىنى، داۋالىنىش ئىمكانىيىتىنىڭ شۇ قەدەر ئازلىقىنى كۆرۈپ شۇنچىلىك كۈچلۈك ھېسداشلىق ۋە ياردەم قىلىش تۇيغۇسى ئۇنى ئاخىر مەن ئۇلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشىم كېرەك، ئۆزۈمنى مۇشۇ زېمىنىدىمۇ يارىتالايمەن، بەخت يەردىن ئەمەس، تەردىن كېلىدۇ. مەن نېمىشقا ئادەملىك پاراسىتىم، كەسپىي ئىقتىدارىم بىلەن بۇ يەرگە تەر ئاقتۇرمايمەن، دېگەن خىيالغا كەلتۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ دىلى بىردىنلا يورۇدى، قولى ئىشقا باردى، قىلغان ئىشلىرى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەربىر ئىشىدا خۇشاللىق ھېس قىلىشقا باشلىدى. مانا بۇلار ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا ئىسسىق قان بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى.

# ئىزدىنىش

ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى، ۋۇ دېڭيۈن بۇ يەردىكى كىشىلەر ئارىسىدا بىردىنبىر خەنزۇ دوختۇر بولۇپ تونۇلدى، «دوپپا»دەك بۇ كىچىك ناھىيە بازىرىدا ئۇنى تونۇمايدىغان ئادەم قالمىدى. ئۇ«ئاتاق»نى سەممىي، قىزغىن مۇئامىلىسى، بىمارلارغا بولغان ئالاھىدە كۆيۈنۈشى، شەخسىيەتسىز ئەجىر سىڭدۈرۈشتەك پەزىلىتى، چىقىشقاقلىقى بىلەن قولغا كەلتۈردى.

1966 - يىلى قەھرىتان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. سوغۇق قاتتىق بولۇپ شۇرغان ئۇشقىرتىپ تۇراتتى، قولنى يەڭ ئىچىدىن چىقارغىلىمۇ بولمايتتى. دەل شۇنداق مىنۇتلاردا ۋۇ دېڭيۈن ئۆيىدىن چىقتى. ئۇنىڭ تەپەككۇرىدىكى جىددىيلىك چىرايىغا تېپىپ غەمگە پاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، نېمىلەرنىدۇر ئويلاۋاتقانلىقىنى ئويچان كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى، ئېغىر روھىي ھالەت ئۇنىڭ بەدىنىنى بېسىپ تۇرغاندەك قىلاتتى......

ئۇ كوچىدا يالغۇز كېتىپ باراتتى. ئۇلۇغچات ناھىيە بازىرىنىڭ ئىچى شۇنچىلىك ئاددىي ھەم قاقاس بولۇپ، شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن قۇم - توپا ھېچكىمگە ئاراملىق

بەرمەيتتى. يول بويىدىكى ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا چاپلانغان شوئار ۋاراقلىرىنى شامال ئۇچۇرۇپ، كوچىلارنىڭ ھەممىلا يېرىنى مەينەت قىلىۋەتكەنىدى. ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ ئادەم ئانچە كۆپ بولمىغان ناھىيە بازىرى كوچىلىرىدا بۈگۈن بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى، بۇ جىمجىتلىق سىرلىق تۇيغۇ پەيدا قىلىپ، ئادەمنىڭ روھىنى چۈشۈرۈپ، نېرۋىلىرىنى جىددىيلەشتۈرەتتى. سۈكۈت بىلەن شامالنىڭ ئۇشقىرتىشىدىن پەيدا بولغان سۈرەن ئادەمگە ھۇجۇم قىلىپ، قورقۇنچ ۋە بىئاراملىق تەھدىتى ئېلىپ كېلەتتى.

ياش دوختۇر ۋۇ دېڭيۈن كوچىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل شىنخۇا كىتابخانىسىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ قوياتتى - يۇ، خىيالغا بەند بولۇپ باشقا ھېچ نەرسىگە نەزەر سالمايتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا بۇنىڭدىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەن بىر قىرغىز ئايالنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىقى، ئۇنى قانداق ئۇسۇلدا داۋالاپ ساقايتىشنىڭ غېمى بار ئىدى. قەھرىتان سوغۇق، قاتتىق شىۋىرغان شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ھېچقانچە تەسىر قىلىپ كېتەلمىدى. كىتابخانىغا بارغاندا بۇ يەردىمۇ بىر - ئىككى كىشىدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. بۇ ھال ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىدى، ئۇنىڭ تۇيغۇسىدا يەنىلا بايىقى ئايالنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا ياردىمى تېگىدىغان كىتاب ياكى بىرەر كىتابتىن ئۇنىڭغا باب كېلىدىغان مەزمۇن تېپىشلا بار ئىدى. ئۇ تەكچىلەرگە تىزىلغان كىتابلارنى بىر - بىرلەپ كۆرۈشكە، كىتابلار ئارىسىدىن ئاشۇ كېسەلگە باب كېلىدىغان مەزمۇنلارنى ئىزدەشكە باشلىدى. شۇ يىللاردا

كىتابخانىنىڭ نامى چوڭ بولسىمۇ، تۆزۈكرەك كىتاب تاپقىلى بولمايتتى، كىتابلارنىڭ تۈرى ئاز بولۇش بىلەن بىر چاغدا، سانىمۇ چەكلىك ئىدى. بىراق، ۋۇ دېڭيۈن يەنىلا كىتاب- -خانىغا كىرىشكە، بۇ يەردىن بىلىم تولۇقلاشقا، كىتاب سېتىۋېلىشقا ئامراق ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئۈچ يىل داۋامىدا ۋاقىت تاپسىلا كىتابخانىغا كىرەتتى، ھەتتا بەزى كۈنلىرى نەچچە رەت كىرەتتى. ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ئىزلىرىنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمايتتى، شۇنىڭغا يارىشا ئۇ بۇ كىتابخانىدىن نۇرغۇن كىتابلارنى ئالدى، نۇرغۇن بىلىملىرى مۇشۇ يەردە ئۇنىڭغا ھامىي بولدى. كىتابخۇمارلىق ئۇنىڭغا يوقىتىپ قويىدۇم دەپ قارىغان نۇرغۇن نەرسىلىرىنى قايتا تېپىپ بەردى؛ ئەندىشە، ئازابلىرىنى ئۇنتۇلدۇردى، بىچارىلىك — غېرىبلىقنىڭ مۇڭ- دەردلىرىنى يېنىكلەتتى، قانداق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە نېمە قىلىشنى تونۇتتى، ئىچ پۇشۇقىنى چىقاردى، يالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرمىدى. ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ بىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇردى. مانا بۇ ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ بەختى ئىدى!

ئۇ بۈگۈنمۇ ئاشۇ يەرگە ھېلىقى بىمارغا نىجاتلىق، بەخت ئىزدەش تەمەسىدە كەلگەنىدى. ئۇ شۇ چاغدا بۇ ھەم ئۆزۈم ئۈچۈن ئىزدىنىش، ھەم باشقىلار ئۈچۈن ئىزدىنىش دەپ ئويلىدى. دېمىسىمۇ، ئادەم بىر ئىشقا يولۇققاندا ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن ئىزدىنىدۇ، ئۆزى ئۈچۈن ئويلىنىدۇ، ئاندىن ئۆزىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئىشلار ئۈستىدە ئويلىنىدۇ. ھالبۇكى، ۋۇ دېڭيۈننىڭ خىيالى كۆپ ھاللاردا ئالدى بىلەن باشقىلار ئۈچۈن ئويلىنىش بولۇپ كەلدى. بۇ

ئۇنىڭ ئادىتى ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە سەۋەب بولغان ئامىللارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ كىتابخانىدا ھېلىقى ئايال ئۇچۇن ناھايىتى ئۇزاق ئىزدەندى، بىراق ئۇنىڭغا ئۇچرىغان ئەڭ مۇھىم نەرسە يەنىلا سوئال بىلەن قەتئىيلىك بىرىكىپ كەتكەن تۇيغۇ ۋە قىزغىنلىق بولدى. ئۇ ئاشۇ سوئاللارغا بىر - بىرلەپ جاۋاب بېرىپ باقتى، لېكىن ئۇنىڭچە بۇ يېتەرلىك بولمىدى. ھېلىقى ئايالغا ئەڭ كۈچلۈك تەسىر قىلىدىغان ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك دورا بولىدىغان نەرسە قان ئىدى. ۋۇ دېڭيۇن بۇ ھەقتىكى سوئاللارغا ئۆزى ئۆگەنگەن بىلىملەر، كىتابلاردا قەيت قىلىنغان دالالەتلەر ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا توپلىغان تەجرىبىلەر ئارقىلىق جاۋاب تاپتى. لېكىن، قان نەدە؟ كىمنىڭ قېنى ئەڭ مۇۋاپىق؟! بۇ ئەڭ قىيىن، ئەڭ مۇشەققەتلىك بىر مەسىلە ئىدى. ۋۇ دېڭيۇن كىتاب كۆرۈۋېتىپ شۇلارنى ئويلىدى...... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىقى ئايالنىڭ ھاياتلىق ئۇچۇن پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۈمىد بىلەن ئۆزىگە قادالغان كۆزلىرى نامايان بولدى......

بۇ ۋۇ دېڭيۇن مەڭگۈ ئېسىدىن چىقىرالمايدىغان مىنۇتلار ئىدى. ۋۇ دېڭيۇن مەسئۇل بولۇپ داۋالاۋاتقان ئۇ ئايال بىرنەچچە تاغدىن ئۆتۈپ كەلگەن بولۇپ، تۇغۇتتا زەخىملەنگەن، ئۇنىڭ بالىياتقۇسى قاناپ، سالامەتلىكى ناچارلاشقانىدى. ئەينى چاغدا ئۇ ئايال ئائىلىدە تۇغدۇرۇلغان، تۇغۇش شارائىتى ناچار، تۇغۇتتىن ئىلگىرىكى ئوزۇقلىنىشى يېتەرسىز، تۇغۇتتىن كېيىنكى بېقىش، كۈتۈشلەر يېتەرلىك

بولمىغان، شۇنداقلا كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، بالدۇر بايقىيالماسلىق، بالدۇر ئالدىنى ئالماسلىق، يېتەرلىك داۋالاتماسلىقتەك سەۋەبلەردىن ھاياتى قىل ئۇستىدە قالغانىدى. ئايال ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، ۋۇ دېڭيۇن بارلىق تىرىشچانلىقنى ئىشقا سېلىپ داۋالىدى، كۆيۈندى، كۆپ تەدبىرلەر ئارقىلىق كېسەللىك ئەھۋالىدىكى قان سېزىشنى كونترول قىلىپ، كېسەللىكنى ئاساسىي جەھەتتىن تۇراقلاشتۇردى. بىراق، ئايالنىڭ بالىياتقۇسىدىن ئۇزاق ۋاقىت قان سېزىش سەۋەبىدىن قان يوقىتىش خاراكتېرلىك قان ئازلىق پەيدا بولغانىدى. بۇ ھال بىمارنى بىر تېرە، بىر ئۇستىخان قىلىپ قويغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، چىرايى تاتىرىپ، روھى شۇ قەدەر سولغۇن بولۇپ قالغان. كۆپ خىل ئەگەشمە كېسەللىك ئۇنىڭ ئاشقازان ئىقتىدارىنىمۇ نابۇت قىلغانلىق- تىن، تاماق يېسە سىڭمەيتتى ياكى ياندۇرۇپ، بىئارام بولاتتى.

بىر كۈنى ۋۇ دېڭيۇن ئۇنى كېسەل كارىۋىتىدىن چۈشۈرۈپ، ئاز - تولا ھەرىكەت قىلدۇرۇپ، بەدىنىنىڭ قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى، كۈتمىگەن يەردىن ئايال قارا تەرگە چۆمۈپ ھالسىزلىنىپ ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇنى دەرھال جايىغا ياتقۇزدى، ۋۇ دېڭيۇنمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا قورقۇپ كەتتى، ئۇ ياخشى كۆڭلۇم يامان تەسىر بېرىپ قويدىمۇ - قانداق؟ دەپ ئويلىدى. بىراق، بىمار ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، ئۇنىڭ بىئارام بولماسلىقىنى، ئۆكۈنمەسلىكىنى ئۆتۈندى. بۇ ھال ۋۇ

دېڭيۈننىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ ئەزدى، شۇ چاغدا ئۇنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن كۈچلۈك كۆيۈنۈش چۇلغىۋالدى، ئۇنىڭ دىلىنى، كۆڭۈل تەكتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك قىزغىنلىقتا غەرق قىلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى باشقىچىلا سىلىپ كەتتى، دىلى بىردىنلا ئاچچىق ھەسرەت بىلەن كۆيدى......

راستىنى ئېيتقاندا، ۋۇ دېڭيۈن بىمار ئۈچۈن ھەممە تىرىشچانلىقنى قىلدى، بېرىشكە تېگىشلىك دورىلارنى بەردى، ئىشلىتىشكە تېگىشلىك ئۈكۈللارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەتتى. نۇرغۇن تېببىي كىتابلارنى كۆردى، ئۆگەندى، بىمارنىڭ ئومۇمىي ھالىتىگە، ئەھۋالىغا تەتبىقلاپ باقتى...... كېسەلنىڭ ئەھۋالى ئۇنى بىئارام قىلدى، قەلبىنى ئۆرتىدى، ھەتتاكى بىمارنى ھەر قېتىم يوقلاپ كىرگەندە، ئۆزىنىڭ ياخشى داۋالىيالماي قالغانلىقىدەك بىر تەرەپلىمىلىكتىن خىجىل بولۇش كەيپىياتىدا بولدى. شۇنداق چاغدا ۋۇ دېڭيۈن تاغ باغرىغا بېرىپ تاغلارغا، ئاسمانغا قارىدى، ئۇ ئاسماندا ئەگىپ يۈرگەن پامىر بۈركۈتلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنى تاماشا قىلدى، ئۇ بۈركۈتلەر قاتتىق سوغۇق بولسىمۇ، تومۇز ئىسسىق بولسىمۇ، جۇدۇن- چاپقۇن بولسىمۇ ئەركىن پەرۋاز قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلاتتى. ۋۇ دېڭيۈن بەزىدە بۈركۈت ئاشۇنداق تىنىمسىز ئۇچۇپ قانىتىنى تاۋلايدىكەن، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جەسۇرلۇقى ئاشۇنداق ئۇچۇش ئارقىلىق يارىلىدىكەن-دە؟ دەپ ئويلىدى، بۈركۈت روھى ئۇنى قانداقتۇر غەيرەت ۋە جاسارەتكە ئىگە قىلدى. بايىقى بىمار سەۋەبلىك ئۇ نەچچە قېتىم ئاشۇ بۈركۈتلەرنىڭ پەرۋازىغا نەزەر سېلىپ، خىيالىي

تەپەككۇرىنى تاۋلىدى. ئۇ بۇ بىمارنى چوقۇم ساقايتىشىم كېرەك، دېگەن قارارغا كەلگەندە، ئۆزىنىڭ كىچىكمىگەنلىـ ـكىنى ھېس قىلدى. ۋۇ دېگېيۇنىنىڭ ھەرقانداق ئىزدىنىشلىرى ئۇنىڭغا بەرگەن كۆيۈمدەك كۈچلۈك، ئەمەلىي، جانلىق بولمىغانىدى. نۇرغۇن جەريانلار، ئويلىنىش، تەتىبقلاشلار ئاخىرىدا ئۇنىڭغا بىمار ئۈچۈن قان بېرىشتىن باشقا، ياخشى ئامالنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدۇردى.

ۋۇ دېگېيۇن بىمارغا قان بېرىشنى كىچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، ئۇنى بىر كۈن كېچىكتۈرسەك، بىمارنىڭ ئەھۋالى بىر پەللەك يامان تەرەپكە قاراپ مېڭىشى مۇمكىن دەپ قارىدى. ئەمما، قاننى نەدىن تېپىش، قانداق سېلىش كېرەك؟ بۇ يەردىكى كىشىلەر قان دېسە جان دەيدۇ، كىملەرگىدۇر قان بېرىشنى خالىمايدۇ، راۋا كۆرمەيدۇ. قان بېرىش ئارقىلىق باشقىلارغا شاپائەت قىلىشنى ئادىمىيلىك دەپ قارىمايدۇ. قان بېرىش ئادىتىمۇ يوق، باشقىلارغا قان بېرىپ باققان ئىشمۇ بولغان ئەمەس. ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بېرىپ قالارمۇ؟ لېكىن، ھېچبىرىدىن سادا چىقمىدى، بەرسەك بېرەيلى دېگەن بولسىمۇ، مانا مېنىڭ قېنىمنى ئېلىڭلار دەپ مەيدە كېرىپ چىققۇچىلار تېخى يوق. ئۇ ئىش ئۇلارغىمۇ غەيرىي تۇيۇلدى. ئۇلارچە بۇنداق قىلىش بىھۇدە ئىش ئىدى. ئۇلار مۇنداق قارايتتى: جان ئاللانىڭ، قانمۇ ئاللانىڭ! جاننى ئاللا ئالمەن دېسە، ھېچكىم ئارا تۇرالمايدۇ. خۇدا ئۇنىڭ تېنىنى شۇ قەدەر ئاجىزلاتتى. دېمەك، ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ كېتىدىغان ۋاقىت ئاز قالدى، قان بېرىپ ئىسراپ قىلغانىنىڭ، ئۇنىڭ جېنىنى قىيىنغانىنىڭ ھېچقانداق

پايدىسى يوق! قان بىرىپ ئۆزىمىزنىڭ جىنىغا ئىككەك سىلىش قاملاشمىغانلا ئىشقۇ؟!

بۇ ئۇلارنىڭ ھەممە تۇيغۇلىرىنى، كۆيۈمىنى، ۋاپادارلىقىنى، قېرىنداشلىق مېھرىنى توسۇۋالغان ئامىل ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىدىكى بۇنداق ئامىلنى ھەل قىلىش شۇنچىلىك قىيىن ھەم مۇشكۈل بولۇپ، دەمال ئۇنىڭ ھەقىقىي يولىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قان بېرىش ئىشىنى ئۇلار ئارىسىدىن ئەمەس، ئىككىنچى بىر تەرەپتىن ئىزدىنىش زۆرۈردەك قىلاتتى. ئۇنداقتا بۇ زۆرۈرىيەتنى نەدىن ئىزدەش كېرەك؟ ۋۇ دېگىيون ئەتراپىغا قاراپ باقتى، يىراقتىكى قان ئامبارلىرىغا نەزەر سېلىپ باقتى. شۇ چاغدا يىراقتىن قان ئېلىپ كېلىپ سېلىشقا پۇرسەت يوق ئىدى. ئەتراپىدىكى كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ زارلاشلىرىغا قۇلاق سالمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆرەش ـ پىپەن بىلەن ئالدىراش ئىدى. بۇ ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن «سىياسىي» دەسمايە يىغىش، دەلىللەش، يولغا قويۇش ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىشقا توغرا كېلەتتى. مانا بۇلار بىمارنىڭ ئومۇمىي ھالىتىگە نۇقسان يەتكۈزەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نەزەرى بىردىنلا ئۆزىگە چۈشتى. قان بېرىدىغان ئەڭ ياخشى نامزات، ئەڭ مۇۋاپىق ئادەم دەل ئۆزى ئىدى! بىمارنىڭ قان تىپى بىلەن ۋۇ دېگىيوننىڭ قان تىپى ئوخشاش! بۇ تاسادىپىيلىق ئۇلارنى بىر- بىرىگە باغلاپ قويدى. ۋۇ دېگىيون قەتئىي قارارغا كەلگەندە، دوختۇر ـ سېستىرالار ھاڭ ـ تاڭ قالدى؛ چۈنكى، دوختۇرخانا تارىخىدا مۇشۇ چاغقىچە بىرەرسىنىڭ كۆكرەك

كېرىپ چىقىپ، بىمارلارغا قان بەرگەن ئىش بولۇپ باقمىغانىدى. بىمارنىڭ ئۆرۈق ـ تۇغقانلىرى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي تېڭىرقاپ قالدى. چۈنكى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ھەم يېڭى ئىش، ھەم بىر خەنزۇنىڭ بىر قىرغىز ئايالغا قان بېرىشى، بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن!

ۋۇ دېڭيۈندە ئىككىلىنىش، قاراپ تۇرۇش تۇيغۇسى يوق ئىدى، ئۇنىڭدا بىر خىل سەممىي رازىمەنلىك ۋە كۆيۈنۈش مەۋجۇت ئىدى. ئۇ قان بېرىش ئۈچۈن ياتقاندا، بىمارنىڭ ئۆرۈق ـ تۇغقانلىرى تەسىرلىك ھېسسىياتلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قېلىشتى. بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە 300 ملليلىتىر ئىسسىق قان ۋۇ دېڭيۈندىن بىمارنىڭ تومۇرلىرىغا ئاقتى. بىمارنىڭ بەدىنى بىردىنلا ئىللىدى، يۈزىكى جانلىق سوقۇشقا باشلىدى، ھايات ئۇنىڭغا قايتا كۆز ئاچقاندەك، كۈچلۈك بىر ھارارەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى، دىلىنى غىدىقلاشقا باشلىدى. پۈتۈن دوختۇرخانىدا، بىمارنىڭ يۇرتىدا، ئۇلۇغچات ناھىيە بازىرىدا ۋۇ دېڭيۈننىڭ بىر قىرغىز ئايالغا قان بەرگەنلىكىدەك يېڭىچە ئىشى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ ھېكايە قىلىنىشقا باشلىدى. ئاشۇ 300 ملليلىتىر قان پۈتۈن ناھىيەنى، بولۇپمۇ خەنزۇلار بىلەن قىرغىزلارنى ناھايىتى مۇستەھكەم باغلاپ، ھايات قايىنمىنى يېڭى بىر پەللىگە باشلاپ كىرگەندەك بولدى. قېرىنداشلىق، دوستلۇق رىشتىسىگە تولغان ئادىمىيلىك تۇيغۇ باھار شامىلىدەك ھەرياققا تارقالدى.

ۋۇ دېڭيۈن كۆتكەن مۆجىزە ئاخىر يۈز بەردى. قان بېرىلگەن بىمار كۈنسېرى ياخشىلاندى، چىرايىغا قان

يۈگـۈردى، ئىشتىھاسى بـارا- بـارا ياخشىلاندى، كۆزلىرىـدە ھاياتلىقنىڭ نۇرلىرى قايتا جىلۋىلەنـدى! قـان ئۇنىڭغا جـان ئاتا قىلدى. ئۇ بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئولتۇرالىدى، كېيىن كـارىۋاتتىن چۈشـۈپ ئۆزىنىـڭ ھاجىتىـدىن چىقالىـدى. ۋۇ دېڭيـۈن ئۇنىڭغـا بولغـان پەرۋىـشنى چىـڭ تۇتـۇپ، سالامەتلىكىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈردى. بىمار ياتـاقتىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا، ۋۇ دېڭيۈننى مەھكەم قۇچاقلاپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا: «سىز ماڭا قايتا ھاياتلىق ئاتـا قىلـدىڭىز، سـىز مېنىـڭ ئەڭ يـېقىن قېرىنداشـىم؟» دېـدى چوڭقۇر تەشەككۈر بىلەن.

# هاياتقا قايتا كۆز ئاچقاندا

ۋۇ دېگيۈننىڭ داڭقى پۈتۈن ئۇلۇغچات ناھىيەسىگە پۈركەتتى. ئۇنى ئىزدەپ، ئۇنىڭغا كېسىلىنى كۆرسىتىدىغانلارمۇ كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئازىنىڭ كۆزى بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ، كىگىز ئۆيدىكى شىرداق ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغانلار قورقۇپ ئالاقزادە بولۇشۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى، ئەتراپ يىغا- زار بىلەن ئۆلۈم ھازىسىغا غەرق بولدى. قولۇم- قوشنىلار، يېقىن - يورۇقلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ مۆكۈنۈپ ئازىغا ئىچ ئاغرىتىشتى. شۇ تاپتا ئازى خۇددى ئۆلۈكتەكلا مىدىر قىلماي ياتاتتى، بىراق ناھايىتى سۇس تىنىقى، ناھايىتى جانسىز سوقۇۋاتقان يۈرىكى ئۇنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. كىمدۇر بىرى:

— دەرھال ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى، ۋۇ دېگيۈن دوختۇرنىڭ ئامالى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دەپتىكەن، سەۋەب قىلىپ باقساق، ساقىيىپمۇ قالار،— دېگەن تەكلىپنى بەردى.

بۇ گەپ بۇ يەرگە يىغىلغانلاردا ئۈمىد پەيدا قىلدى،

ئۇلار بىردەك ئۇنىڭ گېپىنى قوللىدى ھەمدە ئات ھارۋىسى تەييارلاپ، ئازنىنى ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى......

ئازنىنىڭ قورسىقى ئاغرىپ بىئارام بولۇۋاتقىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دەسلەپكى كۈنلىرى يېگەن بىرەر نەرسە زىيان قىلغان ئوخشايدۇ، ساقىيىپ قالارمەن دەپ يۈرۈۋەردى. داۋالىنىشقا، ئامال قىلىپ بېقىشقا سەل قارىدى؛ ئادەتتىمۇ بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇششاق - چۈششەك كېسەللىكلەرگە، ئاغرىق - سىلاقلارغا پىسەنت قىلىپ كەتمەيتتى. ئۇلار قورسىقى، بېشى، پۇت - قولى ئاغرىپ قالسا؛ زۇكام، ئىچ سۈرۈش ئالامىتى كۆرۈلسە، ساقىيىپ قالىدۇ دەپ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيتتى، كېسەللىك ئېغىرلاشقاندىلا، يەرلىك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش بىلەن بولدى قىلاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئادەت خاراكتېرلىك ئىشى بولۇش بىلەن بىر چاغدا، ئالاھىدە داۋالاش شەرت - شارائىتىنىڭ بولمىغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئازى قورسىقىنىڭ ئاغرىغانلىقىنى باشقىلارغا دېگەن بولسىمۇ، ئۇلار بەك ئېرەنسىپ كەتمىدى، ساقىيىپ قالىسەن دەپ ئۇنىڭغا قورساق ئاغرىقىنى توختىتىشنىڭ بىرنەچچە خىل ئۇسۇل - چارىسىنى دەپ بەردى. ئازى شۇنداق قىلىپ كۆردى، بىراق ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە قورساق ئاغرىقى كۈندىن - كۈنگە ئەدەپ كەتتى. بارا - بارا ئۇنىڭ ئاغرىقى ئۇنى چىدىغۇسىز قىيناپ ئارامسىدا قويمىدى، ئازنىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئاخىر يېزىلىق دوختۇرخانىغا بېرىپ، دوختۇر چاقىرىپ كەلدى. بۇ

يەردە بىرلا دوختۇر بولۇپ، ئازنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ئۇنىڭغا سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بوپتۇ دەپ دىياگنوز قويدى، ئاندىن ئازراق ئاغرىق توختىتىش دورىسى بېرىپ: «بىزدە بۇنى داۋالاپ ساقايتقۇدەك ئىمكانىيەت يوق، دورا، ئوكۇل تاپقىلى بولمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىڭلار» دەپ مەسلىھەت بەرگەن. بىراق، ئازى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر يەرلىك ئۇسۇللارنى قوللىنىش بىلەن بىرگە دوختۇر بەرگەن دورىلارنى بىر مەزگىل يېسە، ساقىيىپ كېتىدۇ دېگەن ئويدا بولدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، دورىنى تولۇق يېسە چوقۇم ساقىيىپ كېتەتتى. شۇ يىللاردا بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا غەرىبچە دورىلارنىڭ ئۈنۈمى ئالاھىدە يۇقىرى بولۇپ، ھەرقانداق كېسەلنى ساقايتىشتەك ئارتۇقچىلىقى بار دېگەن قاراش بولغاچقا، كىشىلەر دورىغا بەكلا چوقۇناتتى. دېگەندەك، ئازى دورا يېگەن ھامان ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ ئاغرىقى بىرئاز بېسىقتى، ئۇ ئارام تېپىپ ئۇخلاپ قالدى، لېكىن يەنە بىردەمدىن كېيىن ئاغرىشقا باشلىدى، ئۇ ئەمدى چىدىيالماي قالدى. شۇ چاغدا ئۇ ۋۇ دېڭيۈن دوختۇرنىڭ كېسەل كۆرۈشكە كېلىپ قىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلدى. چۈنكى، ۋۇ دېڭيۈن ھەر يىلى بىرنەچچە قېتىم ئۇلارنىڭ يېزىسى — جىغىنىغا بېرىپ كېسەل كۆرۈپ، كېسەللەرنى داۋالايتتى. ئۇ مانا شۇ تاپتا كەلسە، بەلكىم ئازنىڭ قورساق ئاغرىقىغا ئامال قىلىپ ئۇنى بارلىق ئازاب، قىيىنلىشتىن ساقلاپ قالاتتى...... ئازى بىرقانچە كۈنگىچە «ۋۇ دېڭيۈن دوختۇر نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ بىر كېلىپ قالسىچۇ؟ كېسىلىمنى داۋالاپ قويسا نەقەدەر ياخشى

بولاتتى - هە؟!» دەپ ئويلىدى، ئۇ بۇ گەپنى ئىچىدە نەچچە قېتىم زىكىر قىلدى. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئازى ئاغرىق تۇختىتىش دورىسىنى يەپ ئازابىنى بىرئاز يېنىكلىتىپ تۇردى. بىر كۈنى چۈشتە، ئازىنىڭ ئانىسى سۈت چاي تەييار قىلدى ھەمدە ئۇزاقتىن بۇيان ساقلاپ كەلگەن ئازغىنە گۈرۈچتە «شىرىنگۈل نوچى» تاماقنى ئەتتى. ئۆيدىكىلەر بۇ تاماقنى ئازى كۆپرەك يېسۇن، ئۇنىڭ بەدىنىگە قۇۋۋەت بولسۇن دېيىشتى. ئازىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ، تاماقنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تەگكۈزىدى، كۈتمىگەندە ئازىنىڭ بېشى قېيىپ خۇدىنى يوقاتتى.

ئېگىز - پەس تاغ يوللىرى ئازىنىڭ ھالىنى قويمىدى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، نەپەس ئېلىشى ئاستىلاپ، يۈرەك سوقۇشى تېخىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. ئازىنىڭ دادىسى تونۇش دوختۇر ۋۇ دېگيۈننى ئىشخانىسىدىن تاپتى ھەمدە ئۇنى دوختۇرخانىنىڭ ئالدىغا باشلاپ چىقتى. ۋۇ دېگيۈن باشقىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئازىنى كۆتۈرۈپ جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىگە ئېلىپ كىردى، بۇ چاغدا ئازى ئاران - ئاران نەپەس ئېلىپ ھايات - ماماتلىق ئارىلىقىدا قالغانىدى.

ھاياتلىق ھەممىدىن مۇھىم. ۋۇ دېگيۈن ماسكىسىنى ئېلىۋېتىپ، ئازىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئاغزىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا يېقىپ پۈلەشكە، سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈشكە باشلىدى. بىرنەچچە قېتىملىق جىددىي ۋە ئەستايىدىل نەپەسلەندۈرۈشتىن كېيىن ئازىنىڭ تىنىقى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ۋۇ دېگيۈننىڭ چىرايىدا بىر خىل خۇشاللىق پەيدا بولدى،

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى قولى بىلەن ئىشارە قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن سىرتتا ھەيرانـ ـلىق ۋە تەئەججۇپ، ئىزتىراپ بىلەن قاراپ تۇرغانلارنىڭ كۆزىدىن ئېقىۋاتقان ياشمۇ توختىدى. ۋۇ دېگيۇن ئازىغا بىر تەرەپتىن ئوكسىگېن بېرىشنى جېكىلىسە؛ يەنە بىر تەرەپتىن جىددىي تەييارلىق قىلىپ، ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەسلىدە ئازى سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولماستىن، بەلكى بوغماق ئۈچەي ئۆسمىسىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى. داۋالاش، ئوپېراتسىيە قىلىش ۋاقتى ئۆتكەن، كېسەللىك ئېغىرلىشىپ بىمار بەك ئاجىزلاپ كەتكەن بولۇپ، ھېلىھەممۇ بىر مىنۇت پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي ئوپېراتسىيە قىلغاندا، ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىد بار ئىدى. بۇ يەردىكى ئۈمىد شۇنچىلىك ئاز بولۇپ، ئازىنىڭ بەختـ ـەلىيىمۇ بىر سەۋەب ئىدى. ۋۇ دېگيۇن ئوپېراتسىيەنى ئۆز قولى بىلەن تۈجۈپىلەپ قىلدى، ئوپراتسىيەنىڭ نەتىجىسى ياخشى، ئوڭۇشلۇق بولدى، بىراق ئازىنىڭ ھاياتى يەنىلا ئېغىر خەۋپ ئىچىدە تۇراتتى، ئۇ ھوشسىز ھالەتتە يەتتە كۈن ياتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغانلارنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشكەن بولۇپ، ئۇلارنى قايغۇ ـ ئەلەم چىرمىۋالغانىدى. بىراق، ۋۇ دېگيۇن تولىمۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن گەپ قىلاتتى.

ــ تەخىر قىلىڭلار، ئۇ چوقۇم كۆزىنى ئاچىدۇ، ئۇنىڭ روھى ئۆلمىگەن، ئۇ ئۆلۈپ كەتمەيدۇ! مېنىڭ پەرىزىمگە ئىشىنىڭلار، مەن سىلەرنى ئالداۋاتمايمەن...... ئازراق ۋاقىت ئۆتسە، ئۇ ئەسلىگە كېلىدۇ. ۋاقىت بىزگە ئۇنى ئەكىلىپ بېرىدۇ......

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئىشەنچ بىلەن تەقەززالىق سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ياخشى كۆڭلىنى ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتقانلىقىمۇ بىلىنىپ تۇراتتى، ئازىنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان كىشىلەر ۋۇ دېڭيۇنىنىڭ شۇ قەدەر سەمىمىيلىكىنى ۋە ئۇنىڭ تارتىۋاتقان جاپالىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا:

— تۇغقىنىمىز بولسىمۇ بۇنچىلىك قىلىپ كەتمەس ئىدى! سىزدىن بىز بەك رازى، قازايى قەدەر كەلسە ھەرگىز سىزدىن رەنجىمەيمىز، سىزدىن كۆرمەيمىز، ئاللادىن كەلدى دەپ بىلىمىز، پۇشايمىنىمىز يوق، سىز ھەرگىز ئازابلانماڭ،— دېيىشتى.

—ياق، بۇ سىلەرنىڭ قارىشىڭلار، مەن ئۇنداق ئويلىماي-مەن، مەن بىر دوختۇر، ھەربىر ئىشقا مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك. مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم دەپلا ئىشنى بولدى قىلسام بولمايدۇ. ئىشنىڭ ئاخىرىنىمۇ تولۇق چىقىرىپ، ئەسلى ماھىيەتلىك تەرىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇشۇم كېرەك......

ۋۇ دېڭيۇن ئازىنى داۋالاشقا ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقاردى، كۆندۈزلىرى ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ كۆزەتسە، كېچىلىرى ئالايىتەن ئۆيىدىن چىقىپ، ئۇنى يوقلاپ ھەر كۈنلۈك ھالىتىنى سىلىشتۇرۇپ، دورا ئىشلىتىش جەھەتتىكى تەرتىپلەرنى تۇراقلاشتۇردى، بەزىدە ئۇ كۈن - كۈنلەپ ئازىنىڭ كېسەللىك ھالىتىنى باشقا كېسەللىكلەرگە تەتبىقلاپ، تەھلىل قىلىپ، يېڭىچە يول تېپىشقا تىرىشتى. دېگەندەك ئازى ئاخىر كۆزىنى ئاچتى، بۇ ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ھايانجانغا سېلىپلا قالماستىن، ۋۇ دېڭيۇنىنىمۇ شۇنچىلىك خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئەجرى بىكارغا

كەتمىدى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى، ئازى بارا - بارا ياخشىلاندى. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئانىسى ئازىغا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

— بىلەمسەن قىزىم، سەن بىر قېتىم ئۇ ئالەمگە كېتىپ بولغانىدىڭ، ۋۇ دېگيۈن دوختۇرنىڭ سەۋەبكارلىقى بىلەن مانا مۇشۇنچىلىك بولدۇڭ، بۇ بەختنى ساڭا ۋە بىزگە ۋۇ دېگيۈن دوختۇر بەردى! — دېدى.

ئازى كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى. ۋۇ دېگيۈن دوختۇر ئۇنى تەكشۈرۈشكە كىرگەندە، ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— مەن سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلەلمىدىم، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى قانداق قايتۇرۇشنىمۇ بىلەلمىدىم، هاياتلىقىم ئۈچۈن سۇنغان قولىڭىز مەڭگۈ دەرد كۆرمىسۇن، بەخت سىزگە ئەبەدىي يار بولسۇن!!...... — دېدى.

چىن كۆڭۈلدىن ئېيتقان سەممىي مىننەتدارلىق ۋۇ دېگيۈننىڭ هارغىنلىقىنى چىقاردى. ئۇ بەكلا هاياجانلىنىپ:

— بۇ مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. سىز ساقىيىپ كەتسىڭىزلا، شۇنىڭ ئۆزى ماڭا ئەڭ زور تەسەللى، ئەڭ زور مۇكاپات، بۇ مۇكاپات ماڭا خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ!...... — دېدى.

1974 - يىلىنىڭ كەچ كۈز پەسلى، ئەتراپ ئالتۇن رەڭگە كىرگەن مەزگىلدە ئازى دوختۇرخانىدىن ساقىيىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ هەممە مىننەتدارلىقىنى شۇ چاغدىكى ناهىيەلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى باشباي يىغىنچاقلاپ:

— ۋۇ دوختۇر، سىز قالتىس ئادەم ئىكەنسىز، مەن سىزگە بەك قايىل بولدۇم، ئازىنىڭ ھاياتى سىزنىڭ قولىڭىزدا قايتا نۇرلاندى، بۇ بىر ئۇلۇغ مۆجىزە، مەن سىزنىڭ مانا مۇشۇنداق مۆجىزىلەرنى داۋاملىق يارىتىشىڭىزغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن. شۇڭا، سىزگە پۈتۈن ناھىيە خەلقى نامىدىن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن! — دېدى.

## ياشارغان تەن

بوستانتېرەك يېزىسىنىڭ كۆشمۇ كەنتىدىكى چارۋىچى مۇھەممەتئىمىن ئىلياس ئۆمرىنى پادا بېقىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەم ئىدى. ئۇ يىل بويى يايلاقتا قوي - ئۆچكە باقىسمۇ، تۇرمۇشى ئۇزۇكچىلىك ئىچىدە ئۆتەتتى. قاچانلا قارىسا نامراتچىلىقنىڭ دەردى ئۇنى ئازابلايتتى. ئۇنىڭ ھاياتىدا نۇرغۇن ئاچچىق ئەسلىمىلەر بار ئىدى. ئۇ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ، بىر ئۆينىڭ يۈكىنى زىممىسىگە ئالغاندىن كېيىنمۇ پادا بېقىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلدى. كۈنلەر ئۆتتى، تەلىيىگە بىر بالىغا ئاتا بولدى. بۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈندى، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلدى. بالىسى يېشىغا تېگەي دېگەن كۈنلەردە ئۇنىڭ بېشىغا يەنە بىر ئېغىر كۈلپەت كەلدى. «كۆتۈرەلمىسەك ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، ئۇنىڭ نارەسىدە بالىسى ئوتتا كۆيۈپ يارىلاندى......

1971 - يىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى. مۇھەممەتئىمىن ئىلياس ئەتىگەندىلا قوي - ئۆچكىلىرىنى ھەيدەپ يىراقتىكى يايلاققا ماڭدى، خوتۇنى يېشىغا توشمىغان بالىسىنى تويغۇدەك ئېمىتكەندىن كېيىن، پەپىلەپ ئۇخلىتىپ قويۇپ،

ئۆي ئىچىنى تازىلاپ يىغىشتۇرۇپ، قوتاننى قۇرۇقداشقا ماڭدى. ئۆي بىلەن قوتاننىڭ ئارىلىقى يىراق بولمىسمۇ، قوتان ئاستى زەي، نەم بولغانلىقتىن، ئۇنى ئوت - چۆپ تاشلاپ، قۇرۇق توپا ئەكىرىپ يېيىتىپ قۇرۇقدىدى. بۇ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن بىرنەچچە سائەت كەتتى. ئۇ بالىسىنى ئويلىغان بولسىمۇ، تېخى ئويغانمىدىغۇ دەپ ئىشنى قىلىۋەردى. لېكىن، بالا بالدۇرلا ئويغىنىپ كەتكەن بولۇپ، يۇملاپ - يۇملاپ ئوت يېقىلغان تام ئوچاقنىڭ يېنىغا بېرىپ قالدى، ئوتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان بالا ھەش- پەش دېگۈچە ئوت ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشتى. بالا كۆيۈشكە، پۇچىلىنىشقا، قىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ھېچكىم ئاڭلىمايتتى. بىرھازادىن كېيىن كۆيۈپ ھوشىدىن كەتكەن بالا چالا پىشقان كاۋاپقا ئوخشاش بولۇپ قالدى......

ئانا يۈگۈرگەن پېتى ئۆيگە كىردى، چۈنكى ئۇنىڭ بۇرنىغا نېمىنىڭدۇر كۆيگەن پۇرىقى پۇرىدى ۋە بىرقىسىملا بولدى. ئانا ئۆيگە كىرىپ ئوچاق ئىچىدە «چۈچىلا»غا ئايلانغان بالىسىنى كۆرۈپ، قولىغا ئېلىشقىمۇ پېتىنالماي قورققىنىدىن ھوشىدىن كەتتى. ئۇ خېلى بىر چاغدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ بالىنى قولىغا ئالدى، بالىنىڭ ئۆلۈك- تىرىكلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئانا ھۆكىرەپ يىغلاپ، قوشنىلىرىنى چاقىردى. كىملەردۇر مۇھەممەتئىمىن ئىلياسقا خەۋەر يەتكۈزدى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەن مۇھەممەتئىمىن ئىلياس كۆز ئالدىدىكى پاجىئەدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، لېكىن ئۇ نېمىلا دېمىسۇن، بولىدىغان

ئىش بولۇپ بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بالىنى ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىدىغان بولۇشتى. مۇھەممەتئىمىن ئىلياس لايدەك ياتقان بالا بىلەن ئانىسىنى تۆگىگە مىندۈرۈپ يولغا چىقتى. ئۇنىڭ خىيالىدا بالىدىن ئۈمىد يوق، تەقدىر شۇنداق بولۇشنى بەلگىلەپ بولغانىدى. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ ئەگرى - بۈگرى يول، خەتەرلىك قىياتاش، تاغلارنى بېسىپ، كېچىلەپ يول يۈرۈپ ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا بالىنى ئېلىپ باردى. بۇ كۈنى دىجورنى دوختۇر ۋۇ دېڭيۈن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدەك ئىش بولدى، ئۇلارمۇ بالىنى ۋۇ دوختۇرنىڭ داۋالىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بالىنىڭ ھالىنى كۆرگەن ۋۇ دېڭيۈننىڭ يۈرىكى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ ۋاقىتقا قەدەر بۇنداق قەبىھ كۆيۈكنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ مۇھەممەتئىمىن ئىلياسقا كايىدى، بىراق ئۇرنىغا كەلمەيتتى. پەقەت ئۇنى داۋالاشلا ھەممە روھىي، جىسمانىي ئازابنى تۈگىتەتتى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بالا بەدىنىنىڭ 50% ى كۆيۈپ كېرەكتىن چىققان بولۇپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش تولىمۇ قىيىن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن جاپالىق مۇساپىنى بېسىشقا، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بالىنىڭ شۇ چاغدىكى يۈرەك سوقۇشىمۇ ئاجىزلاپ، ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈپ قالغانىدى. ۋۇ دېڭيۈن بۇنىڭغا زادىلا چىدىيالماي قالدى، ئۇ پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلىپ بالىنى داۋالاپ، قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى. بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن بالىنىڭ يۈرەك ھەرىكىتى ئەسلىگە كەلدى، بالا بارا - بارا ھوشىغا كېلىپ، ئىنجىق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

بۇنىڭدىن ھەممەيلەن خۇشال بولدى، ھەر ھالدا بالىنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىد تۇغۇلدى. ۋۇ دېڭيۇن ئۇدا 10 كۈن بالىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، كۆزىتىش، داۋالاش ئېلىپ باردى، ھەتتا بالىغا سۇيۇقلۇق ئېسىش، ئوكسىگېن سۈمۈرتۈش، قان بېسىمىنى ئۆلچەش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ ئۆزى بىر قوللۇق ئېلىپ باردى. چارچاپ كەتسە، سۇخانىغا كىرىپ يۈزىنى يۇيۇش، ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇش ئارقىلىق ھارغىنلىقىنى باستى. بالا خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتكەندە، ئاندىن ۋۇ دېڭيۇننىڭ جىددىيلىكى بېسىقتى. كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋاتقان بالا ئاتا بىلەن ئانىنى قەۋەتلا خۇشال قىلىۋەتتى.

ئاردىن بىر ئاي ئۆتتى. بالىنىڭ كۆيۈك يارىسى شۇنچە - لىك تېز ساقىيىشقا باشلىدى. بىراق، ۋۇ دېڭيۇن بالىنىڭ ئەھۋالىدىن توختاۋسىز خەۋەر ئېلىپ تۇردى. چۈنكى، سەللا بىپەرۋالىق قىلىنسا، بالىنىڭ يارىسى يۇقۇملىنىپ، ئاخىرىدا ھەرقانداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. بالىنىڭ بەدىنىدىكى يارا قېتىشىپ بىرقانچە كۈن ئۆتكەندە، كۈتمىگەندە يېرىڭلاپ بەتبۇي پۇراق پەيدا قىلدى، بۇ چاغدا بالا بەدىنىنى تاتىلاپ سالسىلا، قاناپ تېخىمۇ ئېغىر ئازاب پەيدا قىلاتتى. ۋۇ دېڭيۇن بۇلارنى بىلگەچكە، ئاتا- ئانىسىغا دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى ئەسكەرتىپ تۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، يارا ئاغزىنى تۇجۇپلەپ تازىلاپ تېڭىپ، مۇھاپىزەت قىلىشنى پەقەت توختىتىپ قويمىدى. بۇنىڭ تەسىرىدە بالىنىڭ يارىسى يۇقۇملىنىپ قېلىش باسقۇچىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدىكى

مۇھىم ئىش — بالىنىڭ بەدىنىدىكى كۆيگەن تېرىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تېرە كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلىش ئىدى. بۇ ھەقىقەتەن قىيىن ئىش ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىنىڭ بەدىنىدە قالغان تېرە بەكمۇ چەكلىك بولۇپ، ئۇنى ئېلىپ كۆچۈرۈشكە بولمايتتى. بولغان تەقدىردىمۇ يېتەرلىك ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇمران بەدەندىن تېرىنى ئېلىشمۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىدىغان ئىش ئىدى. بۇ ئىشقا ۋۇ دېڭيۇننىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. ۋاقىت بىلەن كېسەل ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايتتى، ئۇ چوقۇم ياخشى ئامال تاپمىسا بولمايتتى. بۇ چاغدا كىمنىڭ نېمە دېيىشىنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى، بىراق زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ ۋۇ دېڭيۇن دەسلەپتە توخۇنىڭ تېرىسىنى كۆچۈرۈشنى سىناق قىلىپ باقماقچى بولدى. دېگەندەك، شۇنداقمۇ قىلىپ باقتى. بىراق، سىناق تېزلا مەغلۇپ بولدى. ۋۇ دېڭيۇننىڭ يۈرىكى باشقىچىلا پۇچۇلاندى. ئۇ چوڭقۇر ئويلىنىش ئارقىلىق بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئالدىغا چاقىرىپ، مۇھەممەتئىمىن ئىلياسنىڭ تېرىسىنى كۆچۈرۈش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دادا بىردىنلا تېڭىرقاپ قالدى. چۈنكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭغا بالاڭغا ھەرقانچە كۆچىسەڭمۇ بەربىر سېنى داغدا قويىدۇ، ساقايسىمۇ دېۋەك، دەلدۈش، ئادەم سىياقى يوق ساقىيىپ قالىدۇ، ئويلاپراق ئىش قىلارسەن دەپمۇ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇ بالىسىغا تېرە كۆچۈرىدىغانلىق ھەققىدىكى گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا تاتىرىپ:

— مېنىڭ بەدىنىمدىن تېرە ئالىدىغان ئىش بولسا،

ھەرگىز يول قويمايمەن،— دېدى مۇھەممەتئىمىن ئىلياس ۋە دېڭيۇنگە تەنبىھ بەرگەن تەرىزدە،— مەن يەنە ياشىشىم، قوي- ئۆچكە بېقىشىم كېرەك، بىر ئائىلىنىڭ دەردى مېنىڭ يەلكەمدە. مەن تېرە كۆچۈرۈش سەۋەبلىك كېسەلچان بولۇپ قالسام قانداق قىلىمەن.
بۇ گەپ ئۇنىڭ ھەممە ئىچكى تۇيغۇسىنى ئېچىپ بەردى. ۋۇ دېڭيۇن ئۇنىڭغا نەچچە قېتىم تەربىيە قىلدى. بىراق، ئۇ بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى، ئۇنى قايىل قىلىش مۇمكىن بولمىدى. ۋۇ دېڭيۇن بىر چەت ئەللىك دوختۇرنىڭ ئۆزى مەسئۇل بولۇۋاتقان بىمارغا تېرە لازىم بولغاندا تېرىسىدىن كېسىپ بېرىپ، بىمارنى ساقايتقانلىقىدەك خەۋەرنى كۆرگەنىدى. بۇ چاغدا ۋۇ دېڭيۇننىڭ بىردىنلا كۆزى نۇرلىنىپ كەتتى. ئۇ:
«تېرىنى مەن بېرىمەن، كۆپچىلىك دەرھال تەييارلىق قىلىڭلار» دېدى. بۇ گەپ ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇردى ھەم قاتتىق تەسىرلەندۈردى. دوختۇر – سېستىرالار ئۇنى توسقان بولسىمۇ نىيىتىدىن زادىلا ياندۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋۇ دېڭيۇن پاچىقىنى دوختۇر –سېستىرالارغا تۇتۇپ بەردى، ناركوز ئوكۇلى ئۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ تەمكىنلىك ۋە جاسارەتكە تولغان بەدىنىنى تىك تۇتۇپ، باشقىلارغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. ئۇنىڭ يوتىسىدىن «كىرت - كىرت»قىلىپ كېسىلگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى، سىرغىپ چىقىۋاتقان قان پاچىقىغا قاراپ ئېقىۋاتاتتى، ۋۇ دېڭيۇننىڭ 13 پارچە تېرىسى بىر نارەسىدە بالىنىڭ كۆيۈك يارىسى ئورنىغا ئاۋايلاپ كۆچۈرۈلدى. بۇ ئىشتىن قاتتىق تەسىرلەنگەن

مۇھەممەتئىمىن ئىلياس بىردىنلا ھۆكرەك يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ:

— ۋۇ دوختۇر، ئالدىڭىزدا بەكمۇ خىجىلمەن، بەك ئەپسۇسلاندىم، بەك ئۆكۈندۈم، مەن سىزگە بىر ئۆمۈر قەرزدار بولدۇم، بىر ئۆمۈر ۋىجدان ئازابى تارتىدىغان بولدۇم......— دېدى. ۋۇد يېڭيۈن:

— ياق، بۇ مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. مەن پەقەت ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم...... — دېدى.

مۇھەممەتئىمىن ئىلياسنىڭ قەلبىنى كۈچلۈك خىجىللىق ۋە ئۆكۈنۈش چىرمىۋالدى.

مۇھەممەتئىمىن ئىلياسنىڭ باللىسغا قىلىنغان تېرە كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيەسى تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى كۆيۈك ئىزى يوقالدى، ئۇنىڭ بەدىنى يېڭى بىر ھاياتلىققا ئېرىشىپ، قايتىدىن ياشاردى. بۇ ئىش خۇددى «ماناس» داستانىدەك كىشىلەر ئارىسىدا قەدىرلەپ ئوقۇلىدىغان داستان بولۇپ قالدى.

# دادام دەپ چاقىرغۇسى بار ئادەم

گەن خۇيۇننىڭ ئىچى سىرىلىپ، قورسىقى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ، پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ قاتتىق ئاغرىپ، ئۇنى ھاياتتىن بىزار قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈپ قويدى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم قان قۇسۇپ، ئايلىنىپ كەتتى، بىرقانچە كۈن ئۆتە- ئۆتمەي بەدەنلىرى قۇرۇپ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم دەيتتى - يۇ، يەنە ياشاشنىڭ ئۈمىدى بىلەن ئۇرۇنۇپ باقاتتى. داۋالىناي دېگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قولىدا پۇل يوق ئىدى، ئۇ ئاخىر ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا بېرىپ، دورا سېتىۋېلىپ كېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئۆلۈغچات ناھىيە كونىشەھەر رايونىدىكى قۇرۇلۇش ئورنىدىن قوزغىلىپ، بىرنەچچە يۈز مېتىر مېڭىپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ يىقىلىپ يېتىپ قالدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغانلىقىنى بىلمەي قالدى.

بۇ 1989 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بولۇپ، ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق، يەردىكى قېلىن قارنىڭ نەشتەردەك سوغۇقى سۆڭەكتىن ئۆتۈپ كېتەتتى.

گەن خۇيۇن ھوشىغا كەلگەن چاغدا ئۆزىنىڭ ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە ياتقانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ تومۇرىغا سېلىنغان ئوكۇل يىڭنىسىدىن قىپقىزىل قان ئېقىۋاتاتتى. ئاق خالات، ئاق پوسما كىيگەن دوختۇر - سېستىرالار ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى، كۆلۈمسىرەپ تۇرغان ۋۇ دېگيۈن ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراۋاتاتتى. گەن خۇيۇن ئېسىگە كېلىپ ئۆزىنىڭ ھايات قېلىشىغا سەۋەب بولغان كىشىلەرنىڭ كىملىكىنى بىلىپ، بىردىنلا ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

گەن خۇيۇن خۇبېي ئۆلكىسىدىن بولۇپ، شىنجاڭغا ئىشلەمچىلىككە كېلىپ، بۇ يەردىكى قۇرۇلۇش ئورنىدا ئىشلەۋاتقان دېھقان ئىشلەمچى ئىدى. ئۇنىڭ تېنى بەكمۇ ئاجىز بولۇپ كېسەل چىرمىۋالغانلىقتىن، بىرقانچە يىل ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىلىپ كۈن كۆچۈردى. ئۇنىڭ مەدىكارلىق قىلىپ تاپقان پۇلى تۇرمۇشىغا يەتمەيتتى. ئۇ تۇرمۇشتا يالغۇز، يار - يۆلەكسىز بولۇپ، ئاغرىپ قالسىلا بىرنەچچە كۈن ئىشقا بارالمايتتى. بىر كۈنى ئۇ يولدا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى، باشقىلار ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويدى، مانا ئەمدى ئۇنىڭغا ۋۇ دېگيۈن دوختۇر ئۇچرىدى.

— پۇلۇم يوق، ماڭا قان سالماڭلار، دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىمەن!...... — دېدى گەن خۇيۇن.

بۇنى ئاڭلىغان ۋۇ دېگيۈن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ مۇنداق دېدى:

— بۇنداق دېمەڭ، ئالدى بىلەن داۋالىنىڭ، پۇل ۋە

باشقا ئىشلارنى ئويلىماڭ، بىز سىزنىڭ قېرىندىشىڭىز، بىز بار يەردە سىزنىڭ قىيىنچىلىقىڭىز ھەل بولىدۇ، چوقۇم ياخشى ساقىيىپ كېتىسىز. پۇلنىڭ غېمىنى بىز قىلىمىز!......

گەن خۇيىۈننىڭ كۆزىدىن تەسىرلىك ياشلار تاراملاپ چۈشتى. ھاياجاندىن ئۇنىڭ يۈرىكى ئويناپ، بەدىنى تىترەپ كەتتى. گەن خۇيۈنگە ئاشقازان يارىسى دەپ دىياگنوز قويۇلدى. يارا چوڭ بولۇپ، ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتمىگەندە، ئۇنىڭ ھاياتى ھەر ۋاقىت خەۋپ ئىچىدە تۇراتتى. ۋۇ دېڭيۈن ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئەتراپلىق چۈشەندۈردى. ئۇ قوشۇلغان بولسىمۇ، ئوپېراتسىيەدىن ئىلگىرىكى قول قويىدىغان رەسمىيەتنى ئۆتەيدىغان ئادەم چىقمىدى، ئۇ ئىككى يۇرتدىشىنى قول قويۇپ بېرىشكە چاقىرغان بولسىمۇ، ئۇلار بىردەك باش تارتىپ كېتىپ قالدى. بۇ چاغدا ۋۇ دېڭيۈن:

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزنىڭ ھەممە ئىشىڭىزغا مەسئۇل، سىز ئۆزىڭىز قول قويسىڭىزمۇ بولىدۇ! —دېدى.

ئوپېراتسىيەنى ۋۇ دېڭيۈن ئۆز قولى بىلەن قىلدى. ئوپېراتسىيە ئۇتۇقلۇق بولدى، گەن خۇيۈن ھوشىغا كەلگەندە بىرىنچى بولۇپ كۆرگەن ئادىمى ۋۇ دېڭيۈن بولدى. بۇ رەھىمدىل، شاپائەتلىك كىشى ئۇنىڭغا قىزغىنلىق بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى. گەن خۇيۈن بەكمۇ تەسىرلەندى، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن بىر خىل ئىچكى سۆيۈنۈش، كۈچلۈك ھاياجان ۋە تەسىرات ئېتىلىپ چىقتى، كۆزلىرىدىن مىننەتدارلىق ياشلىرى دەريا سۈيىدەك دولقۇنلىدى.

— ئوبدان ئارام ئېلىڭ، تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىسىز،

ئوزۇقلىنىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىڭ،— دېدى ۋۇ دېڭيۇن ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئاندىن 200 يۈەننى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

كېيىنكى كۈنلەردە ۋۇ دېڭيۇن ھەر كۈنى بىرنەچچە قېتىم ياتىقىغا كىرىپ، ئۇنى يوقلىدى، مەسلىھەت بەردى، ئاش - تاماق ئەكىرىپ بەردى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن گەن خۇيۇن كارىۋاتتىن چۈشتى. ئۇنىڭ ۋۇ دېڭيۈننى «دادا!» دېگۈسى كېلىپ كەتتى. چۈنكى، ۋۇ دېڭيۈننىڭ كۆيۈمى ھەقىقىي دادىنىڭ كۆيۈمىدەك ئىللىق ھەم چىن ئىدى. ئىككى ئايدىن كېيىن گەن خۇيۇن دوختۇرخانىدىن چىقتى، ئۇنىڭ ئومۇمىي داۋالىنىش پۇلىدىن 1700 يۈەننى دوختۇرخانا كۆتۈرۈۋەتتى. گەن خۇيۇن ھەم خۇشال بولدى، ھەم خاتىرجەم بولالماي ئىككىلىنىپ قالدى. ۋۇ دېڭيۇن مۇنداق دېدى:

— كېسەل تولۇق ساقايسىلا، باشقا ئىشنىڭ كارايىتى چاغلىق، پۇلنىڭ ئىشىنى مەن ۋە كۆپچىلىك بىر ئامال قىلىپ ھەل قىلىمىز، مۇھىمى ئوبدان ئارام ئېلىڭ.

گەن خۇيۇن دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان چاغدا 2000 يۈەندىن كۆپرەك پۇلغا قەرز بولۇپ قالدى. ۋۇ دېڭيۇن بۇ پۇلغىمۇ ئۆزى ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى.

گەن خۇيۇن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ۋۇ دېڭيۇن ئۇنىڭدىن غەم قىلىپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاشقازىنىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى كېسىپ ئېلىۋېتىلگەن بولۇپ، تاماقتا ئالاھىدە پەرھىز تۇتمىسا، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك كېلىپ

چىقىپ كېسەللىك ئەھۋالى ياخشىلانمايلا قالماستىن، قايتا قاناش ياكى سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلمەسلىكتەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقاتتى. ۋۇ دېڭيۇن ئۇنىڭ غېمىنى يەپ پەرىشان بولدى، تۇرمۇشىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدە ئويلاندى. ۋۇ دېڭيۇن ئۇنىڭ ناھىيە بازىرىدىكى تار، خام خىشلىق ئۆيىگە بىرنەچچە قېتىم باردى، ھەر قېتىم بارغاندا ئۇنىڭغا ياخشى ئوزۇق بولىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ باردى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ۋۇ دېڭيۇن ئۇنىڭ دائىملىق مېھمىنى بولۇپ قالدى. ئۇ قۇرۇق بارمايتتى، قايتىدىغان چاغدا ئۇنىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ قوياتتى. ئۇ گەن خۇيۇنگە نەرسە- كېرەك ئەمەس، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىغا مەڭگۈ سىغمايدىغان مېھرىبانلىق، مۇھەببەت، كۆيۈمنى قالدۇرۇپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

كېيىن ۋۇ دېڭيۇننىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن گەن خۇيۇن دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىۋەنى بولدى. ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇر- مۇشىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، بىر يىلدىلا سالامەتلىكى تولۇق ئەسلىگە كەلدى. ياندۇرقى يىلى چاغاندا، گەن خۇيۇن بىر بولاق تاماكا، ئىككى بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ ۋۇ دېڭيۇننى يوقلاپ باردى. بۇنى كۆرگەن ۋۇ دېڭيۇن:

— ماڭا تېگىل بولدى، بۇ نەرسىلەرنى ئۆزىڭىز ئىشلىتىڭ، مەن سىزگە دېسەم، سىزنىڭ پۇل تاپمىقىڭىز بەكمۇ تەس. مەن سىزنىڭ ياخشى كۆڭلىڭىزنى تولۇق چۈشىنىمەن،— دېدى. گەن خۇيۇن:

— ماڭا ئۆز داداممۇ مۇشۇنچىلىك كۆيۈنەر، سىزگە بىر ئۆمۈر باش قويۇپ، ئىشلەپ بەرسەممۇ قەرزىمنى تۈگىتەل-

-مەيمەن، ئاز بولسىمۇ بۇ كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلىڭ! — دېدى.
— ئۇنداق دېمەڭ، مەن پەقەت ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم، باشقىلاردىن پەرقىم: ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى جايىدا، لايىقىدا، ۋاپىغا يەتكۈزۈپ ئادا قىلدىم...... — دېدى.
ۋۇ دېڭيۇن ئۇنىڭ سوۋغىسىنى زادىلا قوبۇل قىلمىدى. گەن خۇيۇن يەنە بىر قېتىم كۈچلۈك تەسىرات قايىنمىغا غەرق بولدى،« دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ كۆيۈملۈك ئادەم بار ئىكەن-ھە؟!» دەپ ئويلىدى ئۇ.
ئادەمنىڭ ئادەمگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى مانا مۇشۇنداق تەمەسىز، مەقسەتسىز بولغاندىلا، ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتى بولىدۇ. ۋۇ دېڭيۇن گەن خۇيۇننىڭ قەلبىدە مەڭگۈ توزۇمايدىغان مۇھەببەت گۈلىنى ئېچىلدۇردى، ئۇ ۋۇ دېڭيۇننى چىن دىلىدىن دادام، دادام دەپ زىكرى قىلدى. ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى گۈزەللىك ۋە پاكلىق كىشىلىك تۇرمۇشقا پايانداز سالدى. شۇنداق، دۇنيا مېھىر - مۇھەببەت بىلەن گۈزەل، ئادەمنىڭ ئېسىل ئىنسانىي پەزىلىتى بىلەن گۈزەل!

# سۇ بويىدىكى ھەمراھ

1974 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى ئىدى. ئۇلۇغچات يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق كان ئىشچىسى، قىرغىز بوۋاي ئوسمان سارىخىيتاي خوتۇنى بىلەن بالىسىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ ساخىل كەنتىدىكى ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇلار يېرىم يولغا بارغاندا، بىردىنلا ھاۋا تۇتۇلۇپ، تاراسلاپ يامغۇر ياغدى، قاتتىق چۈشكەن يامغۇردا ئۇلار نەگە مېڭىشنى بىلەلمەي قالدى، ئۇلار شۇ ئەتراپتىكى بىر كەپىنى كۆردى- دە، ئۇدۇل شۇ يەرگە بېرىپ كەپە ئىچىگە كىردى. بۇ يەردە ناتونۇش بىر خەنزۇ كىشى دورا ساندۇقىنى يېنىغا قويۇپ ئولتۇرغان بولۇپ، بوۋاينى كۆرۈپ قىرغىزچە سالام قىلدى. بۇ كىشى دەل ۋۇ دېڭيۇن ئىدى. كېيىن ئۇلار بىردەم پاراڭلاشتى. قارا يامغۇر قانچىلىك تېز كەلگەن بولسا، شۇنچىلىك تېز ئۆتۈپ كەتتى، ئەتراپ يورۇدى، بىراق يول تولىمۇ پاتقاق بولۇپ مېڭىش تەس ئىدى. بىرئازدىن كېيىن ئۇلار خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. ئوسمان سارىخىيتاي تاغ باغرىدىكى دەريادىن ئۆتىدىغان يەرگە كەلگەندە، دەريا سۈيى شۇنچىلىك ئۇلغىيىپ كەتكەنكى، ئۇنىڭدىن كېسىپ ئۆتۈش جانغا بېرىپ تاقىلىدىغاندەك قىلاتتى. يامغۇردىن

كېيىن كەلگەن سەل شىددەت بىلەن قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ، لاي - لاتقىلارنى زەرب بىلەن ئېقىتىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ چاغدا ئوسمان سارىخىيتاي ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزۈم دەريادىن ئۆتۈپ سىناپ باقاي دەپ ئويلىدى. بىراق، دەمال بىر قارارغا كېلەلمەي ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈردى، ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن بالىسى تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى، كۈن غەربىكە قىيسىيىشقا باشلىدى. ئۇلار دەريادىن ئۆتۈپ يەنە 10 نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈشى كېرەك ئىدى. ئوسمان سارىخىيتاي تەۋەككۈل قىلىپ دەرياغا كىرمەكچى بولدى. ئۇ ئەمدىلا دەريادىكى سۇغا پۇتىنى تىقىۋىدى، كىمنىڭدۇر چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ ئارقىسىغا قاراپ، بايىقى دوختۇرنىڭ ئۆزى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى. دوختۇر ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى - دە:

— مەن دېگەن ياش، ئالدى بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ سىناپ باقاي، ئاندىن سىلەر ئۆتۈڭلار، — دېدى - دە، شىمىنىڭ پۇچقىقىنى تۈرۈپ سۇغا كىردى. بۇ چاغدا ئوسمان سارىخىيتاي ئۇنى توسۇپ، سۇغا كىرگىلى قويمىدى.

— مەن جەنۇبلۇق، دائىم سۇ بىلەن ھەپىلىشىپ چوڭ بولغان، ئۆزۈمنى سۇ ئۈزۈش ماھىرى دېسەممۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن ھەرقانداق سۇدىن قورقمايمەن! — دېدى ۋۇ دېڭيۇن چۈشەندۈرۈپ.

ئوسمان سارىخىيتاي بۇنىڭغا بىرنەرسە دېيەلمىدى، ۋۇ دېڭيۇن سۇغا كىرىپ ئىلگىرىلىدى، كۈتمىگەندە شىددەتلىك دولقۇن كېلىپ ئۇنى ئېقىتىپ ئېلىپ كەتتى،

ئوسمان سارىخىيتايلار قورققىنىدىن ۋارقىرىشىپ كەتتى، جاسارەتلىك ۋۇ دېگيۇن چەبدەسلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، سۇ يۈزىدە پەيدا بولدى - دە، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، سۇنىڭ تېيىز جايلىرىنى مۆلچەرلىۋالدى. سۇ بەكمۇ سوغۇق بولۇپ، ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى مۇزلىتىپ، چىشلىرىنى كاسىلدىتىۋەتتى. ئۇ قارشى قىرغاققا ئۆتۈپ، يەنە بۇ تەرەپكە ئۆتتى، ئاندىن ئوسمان سارىخىيتايلارنى ئىشەككە مىندۈرۈپ، ئۆزى سۇغا كىرىپ، يەم بىلەن دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويدى. ۋۇ دېگيۇن ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ، دەريادىن ئۆتۈپ يېزا تەرەپكە ماڭدى. يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئوسمان سارىخىيتاي ئۇنىڭغا قول پۇلاڭلىتىپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. بىراق، ئوسمان سارىخىيتاي بۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنى سوراۋالمىغىنىغا بەكمۇ ئەپسۇسلاندى. لېكىن، ئۇ بۇ ئىشنى زادىلا ئېسىدىن چىقارمىدى، ھەر قېتىم ئاشۇ دەريادىن ئۆتكەندە، ئاشۇ خەنزۇ دوختۇرنى ئەسكە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئېھتىياتچان، سەممىي، قىزغىنلىقىنى دائىم ياد ئېتىپ تۇردى.

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەندە، ئوسمان سارىخىيتاي ئاغرىپ يېتىپ قالدى، ئۇ ناھىيەلىك دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋېتىپ، ھېلىقى خەنزۇ دوختۇرنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ ۋۇ دېگيۇنىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ:

— سىزنى پەقەت ئۇنتۇپ قالمىدىم، بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگەن بولسام ئاللىقاچان يوقلاپ، رەھمىتىمنى بىلدۈرگەن بولاتتىم،— دېدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

# دوختۇر روھى

قۇرت - قوڭغۇزنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسمۇ، تېنى شۈركۈنىدىغان پاتىگۈل ۋۇ دېگىيۈن دوختۇرنىڭ يىلان چېقىۋالغان بىر بالىدىكى زەھەرنى ئاغزىدا شوراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇ ھامان داۋالىنىۋاتقان بالىسىنى كارىۋاتقا تاشلاپ قويۇپ، يۈگۈرۈپ چىقتى. باشقىلار دېگەندەك ۋۇ دېگىيۈن دوختۇر جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىدە بىر بالىنىڭ بىلىكىنى مەھكەم تۇتۇپ، بىلىكىدىكى زەھەرنى شوراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالدى. ئۇ «دوختۇر دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن، زەھەرنى شورىسىمۇ ئۆزى زەھەرلىنىپ قالمايدىكەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ ۋۇ دېگىيۈنىنىڭ سۈمۈرگەن قانىنى ھەر قېتىم چېلەككە ياندۇرغىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئېلىشىپ بىر قىسملا بولۇپ كەتتى. بىراق، ۋۇ دېگىيۈنىنىڭ بۇنىڭ بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىدى. «ئۇنچىلا قىلىپ نېمە كەپتۇ» دەپ ئويلىدى پاتىگۈل.

ئەتراپتا تۇرغان كىشىلەر ۋۇ دېگىيۈنىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ، يىلان چېقىپ قىيىن ئەھۋالدا قالغان بالىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، شەخسىيەتسىز ئىش قىلىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ

ياش تۆكۈشۈۋاتاتتى. پاتىگۈل بىردىنلا ئۆزىنىڭ خاتا ئويلىغانلىقىنى بىلىپ خىجىللىق ھېس قىلدى. ئۇ ۋۇ دېڭيۈننى خېلى ئوبدانلا تونۇيتتى، داڭقىنىمۇ بىلەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ خىزمەتتە بۇنچىلىك ئەستايىدىل، قەتئىي ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقمىغانىدى. مانا ئەمدى كۆردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە قايىللىق ۋە تەشەككۇر مەۋج ئۇردى.

پاتىگۈل كانسۇ بازارلىق پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش ئىشخانىسىنىڭ كادىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى ئۇنىڭ قىزى بۇئايشەم ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ كېتىپ يوتا سۆڭىكى سۇنۇپ، ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى. ئوپېراتسىيە ئارقىلىق ئۇنىڭ قىزى خېلى ياخشى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ۋۇ دېڭيۈن ھەر كۈنى ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىپ، ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، مەسلىھەت بېرىپ تۇردى. بىر كۈنى ۋۇ دېڭيۈن ئۇنىڭ ياتىقىنىڭ سوغۇقلۇقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا توك ئىسسىتقۇ ھەل قىلىپ بەردى؛ ياتاق بىردىنلا ئىسسىپ ھەممەيلەننى خۇشال قىلىۋەتتى. پاتىگۈل بۇ ئىسسىتقۇنىڭ توك پۇلىنى ھەقاچان مەن تۆلىشىم مۇمكىن، كۆپ پۇل تۆلەپ كېتەرمەنمۇ دەپ ئويلىدى.

— توك پۇلىدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ياتاقنى ئىسسىق قىلىپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز. سىزدىن پۇل ئالمايمىز، — دېدى ۋۇ دېڭيۈن بىر قېتىم پاتىگۈلنىڭ ئەندىشىسىنى بىلگەندىن كېيىن چۈشەندۈرۈپ.

كېيىن ۋۇ دېڭيۈن بۇئايشەمنىڭ ياتىقىنى كۈنگەي تەرەپتىكى ياتاققا ئالماشتۇرۇپ قويدى؛ پاتىگۈل ۋۇ

دېڭيۈننىڭ ئۆزىگىلا شۇنداق كۆيۈنۈش بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ كۈنبويى ھېلى ئۇ ياتاققا، ھېلى بۇ ياتاققا كىرىپ، بىمارلاردىن ھال سوراپ، دەردىنى ئاڭلاپ، مەسلىھەت بېرىپ، داۋالاپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. ئۇ بۇنى بىر خىل نام - مەنپەئەت ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىنىڭ مەجبۇرى-يىتىنى ئادا قىلىش، باشقىلارغا سەممىي مۇلازىمەت قىلىپ، رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن چاغدا، ئۇنىڭ قەلبى چوڭقۇر تەشەككۈر ۋە قايىللىققا تولدى. ئۇنىڭ قارىشىچە بىر دوختۇرنىڭ روھى مانا مۇشۇنداق بولۇشى زۆرۈر ئىدى، ۋۇ دېڭيۈن دەل ئاشۇ خىل روھ بىلەن دوختۇرلارنىڭ ھەقىقىي پەزىلىتىنى، ئوبرازىنى نامايان قىلىپ بېرىۋاتاتتى. پاتىگۈل پات - پات يىلان چېقىۋالغان ھېلىقى ئوغۇل بالىنىڭ قولىدىن ۋۇ دېڭيۈننىڭ زەھەرنى شوراپ ئالغان كۆرۈنۈشىنى ئەسلەپ قالاتتى.

— مەن باشقىلارنىڭ يىلان چېقىۋالغان بالىنىڭ قولىدىكى زەھەرنى دوختۇرخانا باشلىقى ۋۇ دېڭيۈن شوراپ ئېلىۋاتىدۇ دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ باردىم، — دېدى پاتىگۈل بىر خىل ھەيرانلىق تۇيغۇسى بىلەن، — قارىسام راست، ھېلىقى بالا ئۆلۈكتەك ياتىدۇ، سىز ھېچبىر قورقۇنچ يوقتەكلا زەھەرنى شوراپ ئېلىۋېتىپسىز، سىزدىن شۇنچىلىك ئەنسىرىدىم، مەن سىزنى بىرنېمە بولۇپ قالامدىكىن دەپ يۈرىكىم ئېچىمگە پاتماي قالدى. ئاغزىڭىزدىن قاپقارا قان يېنىۋاتىدۇ، بۇنى كۆرۈپ تېنىم شۈركۈنۈپ كەتتى. كېيىن «سىز ئەمدى يىلان زەھىرى تۈگەيدۇ» دەپ داۋالاشقا

كىرىشتىڭىز، ئۇ بالا ئەتىسلا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئاشۇ ئىشنى ۋاقتىدا قىلمىغان بولسىڭىز، ئۇ بالا ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى. يىلان، چايان، دۆ چېقىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەر ئاز ئەمەسقۇ! سىز بۇنىڭغا چارە تاپتىڭىز، بۇ ئىش ناھايىتى ياخشى بولدى. ھېلىقى بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ چېھرىدىكى بەخت، شادلىق، سىزگە بولغان كۈچلۈك مىننەتدارلىقنى كۆرۈپ، بەك ھاياجانلاندىم، ئادەم ھاياتىدا كىشىنى شۇنچىلىك تەسىرلەندۈرەلىگۈدەك ئىشتىن بىر - ئىككىنى قىلالىسا، باشقىلارنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئالىدىكەن. سىز نېمىدېگەن بەختلىك! مەن سىزگە چىن دىلىمدىن قايىل. سىزگە سىزنى ھۆرمەتلەيدىغان ئادەم نامىدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن. سىزنىڭ كېسەلنى داۋالاپ ئادەم قۇتقۇزۇشتا ھېچ نەرسىدىن قورقماي، ئۆزىڭىزنى ئويلىماي ئىشلەش روھىڭىز ھەقىقەتەن قەدىرلەشكە ئەرزىيدىكەن......

— ئۇنچىلىكمۇ دەپ كەتمەڭ، — دېدى ۋۇ دېگىيۇن ئۇنىڭغا، — مەن بىر دوختۇر، مەن ئالدى بىلەن باشقىلارنى ئويلىشىم كېرەك، بەزىدە قورقۇپ تۇرىمەن، بىراق ئېغىر ئەھۋالدا قالغان ئادەملەرنىڭ ھايات - ماماتلىق پەيتىدە ئىككىلىنىپ ئولتۇرسام بولمايدۇ. باشقىلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش دوختۇرنىڭ بىردىنبىر بۇرچى، خەتەر ئالدىدا دوختۇر ئالدى بىلەن باشقىلارنى نەزەردە تۇتۇشى، ئۆزىنى ئۇنتۇپ خىزمەت قىلىشى كېرەك، مانا بۇ دوختۇر بولغان كىشىدىكى ئالىيجاناب روھتۇر.

بۇنداق سىردىشىش پاتىگۈل بىلەن ۋۇ دېگيۇننى يېقىن

سىرداشلاردىن قىلىپ قويدى. پاتىگۈل سىرتتىكى كىشىلەر-
-نىڭ ۋۇ دېگيۈن توغرىسىدا قىلغان گەپلىرىنى ۋۇدېگيۈنگە،
ۋۇ دېگيۈننىڭ دوختۇرخانىدا قىلغان ئىشلىرىنى كىشىلەرگە
يەتكۈزىدىغان ۋاستىچى بولۇپ قالدى.

# ئوقسالۇردىكى جەڭ

1974 - يىلى 4 - ئايدا كۆتۈلمىگەندە قەھرىتان قىش ئۇزاققا سوزۇلدى، تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان قار ئاپتى ئۇلۇغچات ناھىيەسىنى ساراسىمىگە سالدى، قار شۇنچىلىك كۆپ ياغدىكى، قارنىڭ قېلىنلىقى بەزى جايلاردا 3—4 مېتىرغا يەتتى. پۈتۈن زېمىن ئاپئاق لىباسقا كۆمۈلدى، تاغلار بىلەن تۈزلەڭنى، قىيالار بىلەن ئوي - چوڭقۇرلارنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. قاتتىق سوغۇق زەربىسىدىن دەل-دەرەخلەرمۇ ئېگىلىپ كەتتى. نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى قار ئاستىدا قالدى، بەزى ئۆيلەر قارنى كۆتۈرەلمەي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، نە يول، نە ئوي - دۆڭنى بىلىش قىيىن ئىدى. بۇ قېتىمقى ئاپەت ئەڭ ئېغىر زىيان سالغان جاي ئەڭ چەت، ئەڭ نامرات يېزا — ئوقسالۇر بولدى. ھەش - پەش دېگۈچە ناھىيە بازىغا نۇرغۇن ئادەم ۋە چارۋا مال قاردا كۆمۈلۈپ ئۆلۈپ كەتتى، يەنە نۇرغۇن ئادەمنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكى خەتەر ئىچىدە قالدى دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋۇ دېگيۈن تۇرالماي قالدى، ئۇ دەرھال سەپەر تەييارلىقى قىلدى، كېتەرلىك دورا، ئوكۇللارنى راسلىدى ۋە كېچىلەپ يول يۈرۈپ، مىگىبىر جاپادا ئوقسالۇر

يېزىسىغا باردى. ئاپەتنىڭ زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. ئۆلگەن چارۋا مالنىڭ سانىنى دەمال بىلگىلى بولمىسىمۇ، قاردا مۇزلاپ ئۆلگەن ئادەم 22 گە يەتكەنىدى. يەنە نۇرغۇن ئادەم خەتەر ئىچىدە قالغان بولۇپ، ئۇلارنى كۆپ خىل تەدبىر بىلەن قۇتقۇزۇشقا، يېتەكلەشكە، يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا توغرا كېلەتتى، بۇ ئىشتا ۋۇ دېگىيوڭ بىز تېببىي خادىملارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەڭ ئېغىر دەپ قارىدى. ئۇ باشلاپ كەلگەن ئىككى نەپەر خادىم بىلەن بىر كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بولسىمۇ، دەرھال ئىشقا كىرىشتى. ئۇلار يېزىغا يېقىن جايدىكى چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇلارنىڭ زۇكام بولۇپ قالغان، ئۆپكىسىگە سوغۇق تېگىپ ئۆپكىسى ئىششىپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن كىشىلەرنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ ئۇلارغا دورا بەردى، ئاندىن قانداق قىلغاندا قار ئاپىتىنىڭ زىيىنىنى ئازايتىپ، ئاپەتتىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇسۇل ـ چارىلەرنى سۆزلەپ بەردى. ۋۇ دېگىيوڭ باشقىلاردىن ئاپەت ئەڭ ئېغىر بولغان قوي فېرمىسى 2ـ تارماق ئەترىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، شۇ يەرگە قار كېچىپ يول ئالدى، ئۇ مىنگەن ئات بەزىدە قورسىقىغا قەدەر قارغا چۆكۈپ كېتەتتى. ۋۇ دېگىيوڭ ئات ماڭالمىغاندا ئۆزى يول ئېچىپ ماڭدى، ئۇ بەزىدە قار دۆۋىسى ئىچىگە چۆكۈپ كېتەتتى. لېكىن، ئۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ يولنى ئىلغا قىلىپ مېڭىۋەردى. قاتتىق سوغۇق ۋە كۈچلۈك شىۋىرغان ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى مۇزلىتىۋەتتى، ئۇ بۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلمىدى. فېرمىدىكى كۆپ قىسىم

كىگىز ئۆيلەر قاردا ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، 13 ئادەم مۇزلاپ قېلىپ قازا قىلغانىدى. ھەممە ئۆيلەر بىردەك قار ئاستىدا قالغان بولۇپ، قار دۆۋىلىرى سۇنئىي تاغ ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئۇ يەردىن ئۆتۈش شۇنچىلىك مۇشكۈل ئىدى. ۋۇ دېگيۇن ۋە ئۇنىڭ كەسپداشلىرى ئىككى كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىپ، 100 دىن ئارتۇق چارۋىچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئېتى ئارام ئالسا ئالدىكى، ئۆزلىرى ئارام ئالماي، چارچاپ ھالىدىن كەتتى. ئاچلىق، ئۇيقۇسىزلىق ئۇلارنىڭ ھالىنى قويمىدى، كۆزلىرى قىزاردى، ئۇستىخانلىرى يىڭنە سانچىلغاندەك ئاغرىدى. 10 كۈن ئىچىدە ۋۇ دېگيۇن ھەر كۈنى بىرنەچچە سائەتلا كۆز يۇمدى.

بىر كۈنى ئۇلار بىر چارۋىچىنىڭ ئۆيىگە باردى، بۇ يەردە بىر بوۋاي بولۇپ،ئۇنى باشقىلار قار ئاستىدا قالغان كىگىز ئۆيدىن تارتىپ چىقارغانىدى. ئۇ خۇددى توڭلىتىپ قويغان «جەسەت»كىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ۋۇ دېگيۇن قولىقىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ، يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشاپ باقتى، ئۇنىڭ يۈرىكى بىلىنەر- بىلىنمەس سوقۇۋاتقاندەك قىلاتتى، ۋۇ دېگيۇن ئۇنى سۈنئىي نەپەسلەندۈردى ھەمدە ئوكۇل ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بەدىنىنى قوزغىتىپ باقتى، ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۇنى ئىسسىق ئۆيگە ئەكىرىپ، قايناق سۇ ئىچۈرۈپ مۇھاپىزەت قىلىشنى جېكىلىدى. ئەتىسى مۆجىزە يۈز بېرىپ، ھېلىقى «جەسەت» بىردىنلا ھوشىغا كەلدى. بۇ چاغدا ۋۇ دېگيۇن ھېچ نەرسىنى سەزمەي

ئۇخلاپ قالغان بولۇپ، باشقىلار ئۇنى مىدىراتقان بولسىمۇ سەزمىدى، چارۋىچىلار بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى ھەمدە ئۇنى مەھكەم يۆگەپ، ئىسسىق يەردە ياتقۇزۇپ قويدى. ۋۇ دېگيۈن كۆزىنى ئېچىپ ئورنىدىن تۇرغاندا ھېلىقى بوۋاي كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ئۈمىدلىك تىكىپ تۇراتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ۋۇ دېگيۈننىڭ پۇت - قوللىرى سوغۇقتىن ئىششىپ كەتتى. دېھقان - چارۋىچىلار ئۇنىڭ قول - پۇتلىرىدىكى قاپارتقۇ، ئىششىقلارنى كۆرۈپ كۆز يېشى قىلىشتى، كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئارام ئېلىپ داۋالىنىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇ:

— مەن دوختۇر، ئادەم قۇتقۇزۇشقا كەلدىم، مەن ئارام ئالسام، باشقىلارنىڭ قاتىلىغا ئايلىنىپ قالمامدىمەن!؟ — دەپ جاۋاب بەردى.

شۇ چاغدا يېزا باشلىقى ھەسەنبېك ۋۇ دېگيۈننى قانچە قېتىم ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلىپ ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ پەرۋا قىلماي ئىشلەۋەردى. ئۇ يېزىنىڭ باشقا كادىرلىرى ۋە دېھقان- چارۋىچىلارنى ئاپەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلغاندا، ۋۇ دېگيۈننىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى پاكىت قىلىپ سۆزلەپ باشقىلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— شۇ چاغدا ۋۇ دېگيۈن تېببىي خادىملارنى باشلاپ بېرىپ، كېسەللەر ۋە يارىدارلارنى قۇتقۇزمىغان، داۋالىمىغان بولسا، يەنە بىرنەچچە يۈز ئادەم بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ ھايات قېلىشىدا ۋۇ دېگيۈننىڭ تۆھپىسى ئالاھىدە بولدى......

ۋۇ دېڭىۋن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئاخىرلاشقاندا، ئاندىن قايتىپ كەلدى، بۇ چاغدا ئورۇقلاپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ، چىرايى تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇ قانچىلىك جاپالىق ئىشلىگەنلىكىنى، قانچىلىك قىينالغانلىقىنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى.

يېزا باشلىقى ھەسەنبېك كېيىن ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ھاكىم، ئوبلاست باشلىقى بولدى، ئۇ نەگە بارسا، قانداق مەسىلىگە يولۇقسا، ۋۇ دېڭىۋننىڭ شۇ چاغدىكى قەيسەرلىكىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ، كىشىلەرنى تەسىرلەندۈردى ۋە ئىلھاملاندۇردى. ئۇ «كۆكتە پامىر بۈركىتى بولسا،يەردە ۋۇ دېڭىۋندەك ئەلسۆيەر بۈركۈت بار!» دېدى.

# يىلتىز بىخ سۈرىدۇ

1984 ـ يىلى كۈز، چۈشتىن كېيىن. چىرايىدىن تەبەسسۇم كەتمەيدىغان قۇددۇس تاغا تاماكا يۆگەپ ئوت ياقاي دەپ تۇرغاندا، سىرتتىن بىرسىنىڭ ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

— قۇددۇس تاغا، سىزگە ناھىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پامىردىن تېلېفون كەپتۇ، تېلېفوننى ئالامسىز؟

— ياق، مېنى يوق دەپ قويۇڭلار! — دېدى قۇددۇس تاغا ھەممە ئىشنى بىلگەندەكلا. «ناھىيەدىكى باشلىقلارنىڭ قورسىقىغا جىن كىرگەن گەپ، بولمىسا مېنى ئىزدەپ نېمە قىلىدۇ؟ بىلىمەن، ئۇلار ئوغلۇم تۇرغۇننى مەندىن تارتىپ ئېلىپ كەتمەكچى! ئۇ ئەمدى قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولغاندا ئۇلار ئېلىپ كەتسە، مېنى كىم باقىدۇ، ئائىلىگە كىم قارايدۇ، ھازىرقى ئىشمۇ خېلى ياخشى، يەنە ئوقۇپ، چوڭ ئىش قىلىمەن دەپ نېمە كەپتۇ. بولدى، ئۇنى ھېچ يەرگە بارغۇزماسمەنا؟» دېگەنلەرنى ئويلىغان قۇددۇس تاغا يەنە بىرئازدىن كېيىن، رەھبەرلىك ئېلىپ كېتىمەن دېسە، مەن نېمىمۇ قىلالايتتىم دەپ ئۆزىنىڭ بايىقى نىيىتىدىن

سەل ياندى.

تۇرغۇن قۇددۇس تاغىنىڭ ئوغلى بولۇپ،تىرىشچان، جانلىق، مۇلايىم بالا ئىدى. ئۇ 1977 - يىلى تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق تېببىي تېخنىكومنى پۈتكۈزۈپ، يۇرتىغا قايتىپ، يېزىلىق شىپاخانىدا دوختۇرلۇق قىلىپ، كەڭ چارۋىچىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى. مانا بۇ ھال تۇرغۇننى ۋۇ دېگيۈنگە يېقىنلاشتۇرغان. بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى ۋۇ دېگيۈن ئۇلۇغچات يېزىسىغا چارۋىچىلارنىڭ قان بېسىمىنى تەكشۈرۈشكە باردى، تەكشۈرۈش جەريانىدا تۇرغۇننىڭ خىزمەتكە بېرىلىپ، ئەستايىدىل ئىشلەيدىغانلىقىنى ھەمدە كەسپىي قابىلىيىتىنىڭمۇ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. شۇ چاغدا يېزىلىق شىپاخانىدا بىرنەچچىلا دوختۇر بولۇپ، شارائىت ئىنتايىن ناچار ئىدى. ئۇلار بىر دانە تىڭشىغۇچ بىلەن بىر دانە قىزىتما ئۆلچىگۈچ ئارقىلىق كېسەللەرگە دىياگنوز قوياتتى، تۇرغۇن بۇ يەرگە خىزمەتكە چۈشۈپ، داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، داۋالاش كەسپىگە ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى كۆرۈپ، بىلىم سەۋىيەسىنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈردى ھەمدە ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ، داۋالاش تېخنىكىسى جەھەتتە ئالدىنقى قاتارغا كىردى.

ۋۇ دېگيۈن تۇرغۇننى ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىدە ئوبيېكتىپ سەۋەب بار ئىدى:

ئەينى يىللاردا ئۇلۇغچات ناھىيەسىنىڭ ھەرقايسى يېزا- بازارلىرىدا قاتناش، تۇرالغۇ، داۋالىنىش ئەسلىھەلىرى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك كەمچىل بولغانلىقتىن، قىيىنچىلىق ئىنتايىن ئېغىر ئىدى، بولۇپمۇ داۋالىنىش شارائىتى ناچار، دورا، دوختۇر ئىنتايىن ئاز بولغانلىقتىن، كېسىلىنى كۆرسىتەلمىگەن چارۋىچىلار داۋالىنالماي، ۋاقىتسىز قازا قىلىپ كېتىش ئەھۋالى دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى، ناھىيە بازىرىغا داۋالىنىشقا بېرىش ئۈچۈن بىرقانچە كۈن يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ۋۇ دېگىيۈن يېزىلارغا كېسەل كۆرگىلى، كېسەل داۋالىغىلى بارغاندا، داۋالانغىلى ماڭغان چارۋىچىلارنىڭ يولدا قازا قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئېچىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ دورا - ئوكۇل كەمچىل، دوختۇرخانىلاردا ئىختىساسلىق خادىم ئاز بولۇشتەك بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇردى. شۇ چاغلاردا ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا بىرقانچە نەپەر ئىختىساسلىق خادىم تەقسىم قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلار بىر مەزگىلدىن كېيىنلا بۇ يەرنىڭ جاپاسىغا چىدىماي، باشقا جايلارغا يۆتكىلىپ كېتىپ قالدى. بۇ ھال بۇ يەردىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا، بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ئېغىر خىرىس پەيدا قىلدى. ۋۇ دېگىيۈن مۇنداق قارىدى: ئەڭ ياخشىسى دوختۇرلارنى، ئىختىساسلىقلارنى ئۆز ئورنىدىن يېتىشتۈرۈش، ئۆز ئورنىدا خىزمەتكە قويۇش ئەڭ ياخشى تاللاش ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتقان، نەتىجىسى ئەلا، ئەمەلىي تەجرىبىسى مول قىرغىز دوختۇرلارنى

تەربىيەلەش، يېتىشتۈرۈش، چېنىقتۇرۇشنىڭ يولىنى ئېچىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. تۇرغۇن ئەنە شۇ پىلان ئىچىدىكى نامزاتلارنىڭ بىرى بولۇپ، ۋۇ دېگىيۇن ئۇنى ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغاندا تېخىمۇ تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ياخشى نەتىجە يارىتىپ بىر قىسىم كىشىلەرنىلا ئەمەس، كۆپ سانلىق ناھىيە خەلقىنى داۋالاشتىن ئىبارەت چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ دەپ قارايتتى. ئەمما، چەت، يىراق چېگرا رايوندىكى كىشىلەرنىڭ قارىشى باشقىچە بولۇپ، كىم بولمىسۇن، قىلىۋاتقان ئىشنى قىلىپ، تىرىكچىلىكىنى داۋاملاشتۇرسىلا بولاتتى. قۇددۇس تاغدىكى قاراشمۇ دەل مۇشۇنداق قاراشنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئوغلىنىڭ ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا كېتىشىنى خالىمايتتى. لېكىن، ۋۇ دېگىيۇنمۇ بوش تۇرمىدى. تۇرغۇننى يۆتكەشتىن ئىبارەت بۇ ئىشتا ئىزچىل چىڭ تۇردى. چارۋىچىلار ۋە يېزا رەھبەرلىرىمۇ تۇرغۇنغا چىدىمايتتى، ئىش چىڭىغا چىققاندا، يېزا رەھبەرلىرى تۇرغۇنغا نوختا سېلىپ، ئۇنى يېزىلىق شىپاخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ ئۆستۈردى. تۇرغۇن بۇنىڭغا نارازى بولۇپ، ۋۇ دېگىيۇننىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناشتىن زادىلا باش تارتمىدى.

— ئوغلۇم، ھەممە ئادەم ساڭا گەپ قىلىۋاتسا، بۇ يەردىكى دوختۇرلۇق ئىشىڭ شۇنداق ياخشى تۇرسا، يەنە نېمىدەپ نىيىتىڭدىن يانمايسەن؟ ئەمدى يۆتكىلىمەن دېمەي يېنىمىزدا تۇرساڭ بولمامدۇ؟— دېدى بىر كۈنى قۇددۇس تاغا تۇرغۇنغا نەسىھەت قىلىپ.

— دادا، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ،— مەسىلە ئۇنچىلىك

ئاددىي ئەمەس، مەن ئويلىغان ئىش چوڭ ئىش، مېنىڭ ۋۇ دوختۇرنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىپ، سەۋىيەمنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگۈم بار. سىزگىمۇ ئايان، مەن ھازىر ئادەتتىكى كېسەللىكلەرنى داۋالىيالايدىغان ناھايىتى تۆۋەن سەۋىيەدىكى بىر دوختۇر. ئادەتتىكى ئاددىي كېسەللىكلەرنى داۋالىغان بىلەن، مۇرەككەپ، ئېغىر كېسەللىكلەرنى داۋالاش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، تېخنىكام ئۆسمە، قىيىن، مۇرەككەپ كېسەللىكلەرنىمۇ بىۋاستە داۋالىيالىسام، ئۇ چاغدا يۇرتداشلارمۇ مەندىن رازى بولىدۇ، ئاندىن مەن ئۆزۈمنى دوختۇردەك ھېس قىلىمەن......

قۇددۇس تاغا ئويلىنىپ قالدى، ئۇ ئات مىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئېگەر- توقۇم تەييارلاش كېرەك، ياخشى دوختۇر بولۇش ئۈچۈنمۇ بىلىم يۇقىرى، تېخنىكا ئىلغار بولۇش كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇمۇ ئاخىر قايىل بولۇپ ئوغلىنىڭ يۆتكىلىشىگە قوشۇلدى.

تۇرغۇن ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن، ۋۇ دېگيۇن ئۇنى بىر قوللۇق يېتەكلىدى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق جايلارغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇ بەلگىلىك ئىقتىدار ھازىرلاپ، داڭلىق دوختۇر بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

ۋۇ دېگيۇن بىرقانچە يىل ئىزدىنىپ ھەم ئۆزى تەربىيەلەش، ھەم تەربىيەلىنىشكە ئەۋەتىش ئارقىلىق بىر تۈركۈم ياش، ئوتتۇرا ياش قىرغىز دوختۇر، پەرۋىشكارلارنى

يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئۇلار كېيىنكى يىللاردا تاغلىق رايوندى-
ىكى داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق
تايانچلىرى بولۇپ قالدى. تۇرغۇن مۇنداق دېدى:

— مەن ۋۇ دوختۇرنى ئەڭ يېقىن سىردىشىم ھەم ئۇستازىم
دەپ قارايمەن، مېنىڭ مۇكەممەل ئادەم بولۇشۇمغا ئۇ ياردەم
بەردى. ئۇ كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۈرگەن يەنە بىر تۈركۈم قىرغىز
دوختۇرلار ئۆز خەلقىنىڭ داۋالاش ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈشتە
كارامىتىنى كۆرسىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇنداق كاتتا ئىش
خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

# مەنبە ئەسلىدە سىز!

60 ياشقا كىرگەن نىشائاللا ئانا تويۇن يېزىسىدىن ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇنىڭ قورسىقى زىيادە يوغىناپ، ئەس - ھوشىنى بىلمەيدىغان ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ئۆلۈمنى تىلەپ ئاھ ئۇرۇشلىرىغا قاراپ تۇرغان ھەممە ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ ھېسداشلىقى قوزغىلاتتى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇنىڭدا جىگەر قاپلىق قۇرتى بارلىقى ئىسپاتلاندى. نىشائاللا ئانا بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالغىلى ئۇزاق يىللار بولغان بولسىمۇ، بىراق داۋالىنىش شارائىتى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك ئېغىر يېتىپ قالمىغاچقا يۈرۈۋەرگەنىدى. پەقەت ئاغرىق ئازابى ئۇنى قىينىغانىدىلا ئاندىن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەنىدى. ئەمدى يەنە قاراپ تۇرۇشقا بولمايتتى، ئۇنى تېزدىن ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بىراق، ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن ئۇنىڭ بەدىنى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. ئوپېراتسىيەدىن بۇرۇنقى تەييارلىقنى ناھايىتى ياخشى قىلىش زۆرۈر بولغاچقا، ۋۇ دېگىيۈن ياش دوختۇر ئىمامنى چاقىرىپ:

— بىمارنىڭ مەسئۇل دوختۇرى سىز بولىسىز، ئوپېراتسىيە -

ده باش بولۇپ پىچاقنى باشتىن- ئاخىر سىز تۇتىسىز، مەن ۋە باشقىلار ياردەمچى بولىمىز، ئىدىيەڭىزدە تەييارلىق بولسۇن،— دېدى.

ئىمام دەمال بىرنەرسە دېيەلمىدى، ئۇ ۋۇ دېڭيۇننىڭ ئۆزىگە كۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى، تەربىيەلىنىشى ۋە تەجرىبە توپلاپ پىششىقلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئىمام ياش دوختۇر بولۇپ، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى-نىڭ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە بىر يىل بىلىم ئاشۇرۇپ قايتىپ كەلگىنىگە تېخى بىرقانچە كۈن بولغانىدى. ئۇ تەربىيەلىنىش جەريانىدا كىلىنىكىلىق داۋالاش پىراكتىكىسى-نى قىلغان بولسىمۇ، ئوپېراتسىيە پىچىقى تۇتۇپ باقمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ سەل ئىككىلەندى ۋە ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمە-دى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ خىل ئېغىر كېسەللىكلەرنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا ھەمىشە دېگۇدەك ۋۇ دېڭيۇن ئۆزى باش بولاتتى ياكى تەجرىبىلىك دوختۇرلار مەسئۇل بولۇپ ئېلىپ باراتتى. بۈگۈن بىراقلا ئىمامغا چۈشكەن بۇ ۋەزىپە ئۇنىڭغا بەكمۇ تاسادىپىي تۇيۇلدى.

— ئىككىلەنمەڭ،— دېدى ۋۇ دېڭيۇن ئىمامنى رىغبەتـ-لەندۇرۇپ،— دۇنيادا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق، سىزنىڭ تېخنىكىڭىزمۇ خېلى ئۆسۈپ قالدى. بۇ ئوپېراتسىيەنى قىلسىڭىزلا، كۆزىڭىز قورقىسىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز، مەن سىزنىڭ ئوپېراتسىيەنى ياخشى قىلالايدى-غانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن......

بۇ خىل رىغبەت ئىمامنى غەيرەتكە كەلتۈردى، ئۇ بارلىق ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، تۇنجى قېتىم ئۆزى قىلىدىغان

ئوپېراتسىيەنى ياخشى، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپ، ئۇتۇق قازىنىشقا بەل باغلىدى. ئوپېراتسىيەنىڭ ئالدىدىكى تەييارلىقنىمۇ شۇنچىلىك پوختا، ئىنچىكە ئىشلىدى.

ئوپېراتسىيە رەسمىي باشلانغاندا، ۋۇ دېكيۇن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، قانداق قىلىش ئۇستىدە بىرمۇبىر كۆرسەتمە بەردى، ئوپېراتسىيە ئوڭۇشلۇق بولدى. نىشائاللا ئانىنىڭ قورسىقىدىكى 15 كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى ئۆسمە — قاپلىق قۇرت ئېلىۋېتىلدى، ئىمام بىردىنلا يېنىكلەپ قالدى ھەم ۋۇ دېكيۇن ئۇنىڭ كۆزىگە باشقىچىلا ئىسسىق كۆرۈندى.

— قورقۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، گەپ بىزنىڭ شۇ ئىشقا قانداق قارىشىمىزدا، ئىشەنچ قىلساق ۋە تەكرار ئىشلىسەك، چوقۇم نەتىجە ياخشى بولىدۇ، — دېدى ۋۇ دېكيۇن ئىمامغا مەنىلىك قىلىپ، — «ئېغىلدىن چىقمىغان پاقلان چوڭ بولمايدۇ، يايلاقتا چاپمىغان تاي ئات بولمايدۇ». دوختۇرخانىدا ئىش قىلمىغان ئادەم تەييار تاپ بولۇپ قالىدۇ. بىز ئىشنى قانچىكى كۆپ قىلساق، ئىشلىرىمىز شۇنچىكى ياخشى بولىدۇ.....

نىشائاللا ئانا ئېغىر ئازابلاردىن قۇتۇلدى، ئۇ بىردىنلا روھلىنىپ قالدى، ئۇ ۋۇ دېكيۇنگە:

— بالام، قولىڭىز دەرد كۆرمىسۇن، خۇدا سىزنى مۇراد - مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزەر، ئىلاھىم يۈز ياشقا كىرەرسىز! — دەپ تەشەككۈر ئېيتتى.

ۋۇ دېكيۇن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئانا، سىلى ماڭا رەھمەت ئېيتماي، ئىمامغا رەھمەت ئېيتسىلا، چۈنكى بۇ ئوپېراتسىيەنى ئىمام قىلدى، — دېدى.

— ئۇنىڭغىمۇ رەھمەت ئېيتىمەن، ئالدى بىلەن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن، — دېدى نىشائاللا ئانا ھاياجانلىنىپ، — ھەرقانداق نەرسىنىڭ مەنبەسى بولغىنىدەك، سۇنىڭمۇ باشتىن كېلىدىغان مەنبەسى بار. ئىمامنىڭ ئوپېراتسىيەنى ياخشى قىلىشىنىڭ مەنبەسى يەنىلا سىز. چۈنكى، ئۇ بۇ ھۈنەرنى سىزدىن ئۆگەنگەن، سىز ئۇنىڭ ئۇستازى.

ۋۇ دېگىيۈن كۈلۈپ كەتتى، ئىمامنىڭ كۆزى نۇرلىنىپ چىرايىدا رازىمەنلىك ۋە مەمنۇنلۇق جىلۋە قىلدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قەلبىنى بىر خىل ھاياجان چۇلغىۋالدى.

## كېسەلنىڭ ئۆگىيى يوق

كېسەل كارىۋىتىدا ياتقان رۇسگولمانوۋ سىرتتا لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارغا قاراپ، غەمكىن كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكتى. ئۇ دېرىزە يېنىدا تۇرۇپ، يۈرتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ھېلىقى ناخشىنى ئوقۇدى:

يۆگەندى مۇزغا ۋولگا دەرياسى،
ئۇنىڭ ئۈستىدە ھارۋا نىداسى!.....
ئاھ دەيدۇ، ئاڭلىنار شۇ ھارۋىدىكى —
قېرى ئات بىچارىنىڭ ساداسى......

1993 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى رۇسگولمانوفنىڭ ھاياتىدىكى پاجىئەلىك بىر كۈن بولدى. ئۇ شۇ كۈنى سىمخانىدىن ئۇلۇغچاتقىچە بولغان ئارىلىقتىكى تاشيولنى ياساش قۇرۇلۇشىدا ئۆزىنىڭ ئاپتوموبىلى بىلەن شىغىل توشۇۋاتقاندا، تاغدىن گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن يوغان بىر پارچە تاش رۇسگولمانوفنىڭ پۇتىنى بېسىۋېلىپ ئۇنى ئېغىر يارىلاندۇردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يارىسى ئېغىر، ھالى بەكمۇ خاراب بولۇپ، ئۇ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن قاتتىق

ئەنسىرىدى. ئۇنى باشقىلار دەرھال ئۇلۇغچات ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا قاراپ، سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ دوختۇرىنى مەسئۇل قىلىش بىلەن بىر چاغدا، ۋۇ دېگىيۇن ئۆزى داۋالىدى. ئەينى چاغدا رۇسگولمانوفنىڭ پۇت سۆڭىكى سۇنغان بولۇپ، يىلىكىگە قان ئۆتۈپ كەتسە، يامان خاراكتېرلىك كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن چوڭ ئىدى. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئۇنىڭ پۇتىنى رەسىمگە ئېلىش، دىياگنوز قويۇش، سۇنغان سۆڭەكنى جايىغا كەلتۈرۈپ تېڭىش، دورا بىلەن داۋالاش ئىشلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلىدى. بۇ جەرياندا رۇسگولمانوفنى پولات سىم بىلەن كارىۋاتقا تېڭىپ، سۇنغان سۆڭەكنى مۇقىملاشتۇردى. بۇ چاغدا رۇسگولمانوف ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالدى. تاماق يېيىش، ھاجەت قىلىش قاتارلىق بىر قاتار ئىشلاردا باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىشقا توغرا كېلەتتى. ھالبۇكى، ئۇ ئۈمىد كۈتكەن يۇرتداشلىرىدىن ياردەم قولىنى سۇنىدىغانلار چىقمىدى، ئۇلار ھەتتا دوختۇرخانىغا بىر قېتىم كېلىپ يوقلاپ كەتكەنچە ئىككىنچىلەپ كەلمىدى. رۇسگولمانوف قاتتىق ئازابلاندى، غېرىبلىق، بىچارىلىك ھېس قىلىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ ئىشلارغا كىم ئىگە بولار؟ بۇ ئۇنىڭ غېمىنى شۇنچىلىك ئېغىر قىلىۋەتتىكى، ئۆزگە يۇرتتىكى مۇساپىرچىلىقنىڭ بۇنچىلىك قاتتىق بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، بوغنۇقۇپ يىغلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ غەملىرىنى ۋۇ دېگىيۇن شۇ ھامان ھەل

قىلدى. ئۇ رۇسكولمانوفنىڭ تۇزۇتلىرىگە قاراپ تۇرماي، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلدى، ھەر كۈنى ئۇنى نەچچە قېتىم يوقلىدى، تەرتىگە قاچا تۇتتى، كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ ئۇنى ئىلھاملاندۇردى.

ۋۇ دېڭيۈن ئوقۇش جەريانىدا رۇس تىلىنى خېلى كۆپ ئۆگەنگەن، بىراق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇنى ئىشلەتمىگەچكە، نۇرغۇن سۆز - ئىبارىلەرنى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، رۇسكولمانوفنىڭ كېسىلىنى داۋالاش جەريانىدا رۇس تىلىنى قايتا ئەسكە ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن رۇس تىلىدا پاراڭلىشىپ تۇردى. بىلەلمىسە، ئىما - ئىشارە بىلەن ئۇقتۇردى. رۇسكولمانوف بىر خەنزۇ دوختۇرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قىلىۋاتقان بۇنچە چوڭ ياخشىلىقى ۋە دوختۇرغا خاس شەخسىيەتسىز، تەمەسىز روھىدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ئۇ بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ ھاياجانلانغاندا، ۋۇ دېڭيۈن ئۇنىڭغا:

— بىر دوختۇر ئۈچۈن بىمارنىڭ دۆلەت، مىللەت چېگراسى بولمايدۇ، بىمار ئۈچۈنمۇ دوختۇرنىڭ ئۆگىيى بولمايدۇ، شۇنداق بولغاچقا، دوختۇر ھەقىقىي ماھىيىتى ئارقىلىق ئۆزىنى بىمارغا بىمالال تەقدىم قىلىشى كېرەك، بۇ مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى. سىز كىم بولۇڭ، دوختۇرنىڭ قەلبىدە بىمارلا بولىدۇ، بىمار دوختۇرنىڭ كەسپىي ھاياتىدىكى قانىتى! سىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىد: پەقەت غەم قىلماي، بىرگە ماسلىشىپ، ياخشى داۋالىنىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئىستەكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ماسلىشىش...... — دېدى.

رۇسكولمانوفنىڭ يۈرىكى بۆلەكچىلا يايراپ كەتتى. ئۇ

خاتىرجەملىك ۋە سۆيۈنۈش ئىچىدە ئۆزىنى شۇنچىلىك يېنىك ھېس قىلدى.

دېرىزە ئەينەكلىرى مۇزلاپ، ھەر خىل مەنزىرىلەرنى ھاسىل قىلغان، قاتتىق سوغۇق بىلەن ئۆي ئىچىدىكى ھارارەتنى پەرقلەندۈرۈپ تۇرغان ئاشۇ مەنزىرىلەرگە مەپتۇن بولۇپ ئولتۇرغان رۇسگولمانوف ۋۇ دېگيۇن بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ شۇنچىلىك ئوخشىتىپ تاماق ئېتىپ كىرىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. رۇسگولمانوف ئىسسىق، مەززىلىك تاماقنى يەپ شۇنچىلىك ھۇزۇرلاندى ۋە ھاياجاندىن ياش تۆكتى. بۇ چاغدا ۋۇ دېگيۇن:

— دوختۇرخانىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قېرىندىشىمىز، بىمارلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش بىز دوختۇرلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. سىزگە قاراشمۇ دەل شۇنىڭ جۈملىسىدىن. مۇبادا مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بىمار بولۇپ، سىزنىڭ يۇرتىڭىزدا قېيىنلىپ قالسامۇ، سىز ئوخشاشلا ياردەم قىلغان بولاتتىڭىز. سىزگە ياردەم قىلىش ئىنسانىي پەزىلەتتىن بولىدۇ، مانا بۈگۈن بىز يېقىن ئۇرۇق- تۇغقانلاردەك بولۇپ قالدۇق، شۇنداقكەن، بىزنىڭ ياردىمىمىزنى تولۇق قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك...... — دېدى.

ۋۇ دېگيۇننىڭ مەنىلىك گەپلىرى ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

ئەمەلىيەتتىمۇ، ۋۇ دېگيۇننىڭ قاراشلىرى شۇنداق ئىدى، ھەرىكىتىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىدى. مەيلى كىم بولمىسۇن، ئۇ بىر ئىنسان. ئۇنىڭ ئالدىغا كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى

بىمار، بىمارلارنى ئۇ يەرلىك - بۇ يەرلىك دەپ ئايرىشقا ھەرگىز بولمايتتى. ۋۇ دېڭيۇندىكى بۇنداق روھ نۇرغۇن بىمارنى ھاياجانغا سالغان، نۇرغۇن بىمارنىڭ باغرىنى ئېرىتىپ، ئۇلارنى سۆيۈندۈرگەن. روسگولمانوفمۇ ئۇنىڭ ئاشۇنداق مېھرىبانلىقى، سەمىمىيلىكىدىن كۆڭلى سۇ ئىچىپ قالدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ روسگولمانوفقا ئاتىلىق مېھرىنى تولۇق يەتكۈزدى.

روسگولمانوف دوختۇرخانىدا 50 كۈن ياتتى، ۋۇ دېڭيۇن ئۇنى ھەر كۈنى دېگۈدەك 10 قېتىملاپ يوقلاپ، ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالدى. بۇ كۈنلەر روسگولمانوفقا ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا ۋۇ دېڭيۇننىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن تەشەككۈر سۆزلىرىم بار. مەن سىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، سىز ۋە سىزنىڭ ھەمراھلىرىڭىز بەك ياخشى، بەك ئالىيجاناب ئادەملەركەنسىلەر، سىلەرگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت! — دېدى.

ۋۇ دېڭيۇننىڭ بىمارلارغا تۇتىدىغان مۇئامىلىسى ھەر ۋاقىت بىر خىل بولۇپ، كىم بولسۇن داۋالاش جەريانىدا مىللەت، قوۋم دەپ ئايرىمايتتى. بۇنداق پەزىلەتنى شەخسىيەتسىز خىزمىتى، ياخشى مۇلازىمىتى ئارقىلىق نامايان قىلىپ، كىشىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشمەكتە.

# ئاھ قان، ئاھ جان!

1991 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى. بۆرەتوقاي يېزىلىق شىپاخانىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن ئادەم توپلىشىۋالغان بولۇپ، ھالى خاراب بىمار خالىپەنىڭ كېسىلى ھەققىدە ئەندىشىلىك بەس- مۇنازىرىلەرنى قىلىشىۋاتاتتى. 20 ياشلىق قىرغىز چوكان خالىپە تۇغۇتتىن كېيىنكى ئاستا خاراكتېرلىك قورساق پەردە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان بولۇپ، چىرايى سارغايغان ھالدا ھوشسىز ياتاتتى. شۇ يەردە تۇرغانلار بىلەن دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى تېنى تولىمۇ ئاجىز، دەرمانى قالمىغان خالىپەگە ئىچ ئاغرىتىشىۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ تېزدىن قۇتقۇزۇلمىسا، ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى. قىيىن شارائىت بىلەن ۋاقىت ئۇنىڭ سەۋەبچى قاتىلى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. يېزىلىق شىپاخانىنىڭ ئۇنى قۇتقۇزغۇدەك شارائىتىمۇ، ئىقتىدارىمۇ يوق ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەممە ئادەم ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا، ۋۇ دېگىيۇننىڭ يېنىغا ئاپىرىش كېرەك دېگەن پىكىردە بولدى. بىراق، بۇ يەر بىلەن ناھىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ ئارىلىقى 100 كىلومېتىردىن ئاشاتتى. يول يىراق ھەم تولىمۇ خەتەرلىك بولۇپ،

بىخەتەرلىككە بىر- نەرسە دېمەك قىيىن ئىدى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا تېلېفون ئۇرۇپ بېقىش كېرەك ئىدى. بۇ خىزمەتمۇ تامام بولدى. كىشىلەر تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشتى. كۈن غەربكە پاتقان بولسىمۇ، لېكىن ناھىيەدىن تېخىچە خەۋەر يوق. يېزىنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان تاغ سۈرلۈك كېچە قوينىغا غەرق بولغان بىر چاغدا يىراقتىن كېچىنى يېرىپ كېلىۋاتقان ئاپتوموبىلنىڭ چىراغ نۇرى كۆرۈندى، كىشىلەر بىر خىل نىجاتلىق يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولدى. دېگەندەك، جىددىي قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى كەلگەنىدى. ئاپتوموبىلدىن بىرنەچچە دوختۇر- سېسترا چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دوختۇرخانا باشلىقى ۋە دېكيۇنمۇ بار بولۇپ، ئۇ دوختۇر - سېسترالارنى تېزدىن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، خالىپەنى ئاپتوموبىلغا سالدى - دە، تېز يۈرۈپ كەتتى. ئاپتوموبىل كېچىلەپ ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا يېتىپ باردى. جىددىي قۇتقۇزۇش تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ قويغان دوختۇر - سېسترالار خالىپەنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى ۋە دېكيۇننىڭ ئويلىغىنىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولۇپ چىقتى. خالىپەنىڭ قورساق قىسمىغا يىغىلىپ قالغان سۇ 1— 2 كىلوگرام ئەتراپىدا بولۇپ، پۈتۈن پەدەنگە كەلتۈرىدىغان بېسىمى ئىنتايىن چوڭ ئىدى. شۇڭا، خالىپەنىڭ نەپەس ئېلىشمۇ قىيىنلىشىۋاتاتتى، ئۇنى دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىش، قورساق قىسمىدىكى سۇنى ئېلىۋېتىش زۆرۈر ئىدى. سۇنى ئېلىۋەتكەندىلا، خالىپەنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى

بولاتتى. بىراق، ئۇنىڭ تېنى تولىمۇ ئاجىز بولۇپ، ئوپېراتسىيەگە بەرداشلىق بېرەلىشىگە بىرنەرسە دېگىلى بولمايتتى. ۋۇ دېگيۇن بۇ چاغدا بەكمۇ بىئارام بولدى. بىراق، ئۇ قاراپ تۇرساق بولمايدۇ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا قان سېلىپ، كېسەللىككە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك دەپ قارىدى. بۇ چاغدا خالىپەگە جىددىي لازىملىق قان يوق ئىدى. خالىپەنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى قان سېلىش توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئالىچۇقان كۆتۈرۈپ، يىغا - زار قىلىشتى......

غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ قولىدىن يىغلاشتىن باشقا چوڭ ئىش كەلمەيتتى. قان تېپىلغان تەقدىردىمۇ، قان سېتىۋالغۇدەك پۇل يوق ئىدى، ھەتتا باشقىلارغا نۇرغۇن پۇلغا قەرزدار ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟

— يىغلىماڭلار، قاننى ئۆزۈم ھەقسىز بېرىمەن! — دېدى ۋۇ دېگيۇن كەسكىن قىلىپ، — مېنىڭ قان تىپىم ئۇنىڭ قان تىپى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. بۇ تازا ئوڭ كەلگىنى! داۋالىتىشقا پۇل يەتمىسە، ئۇنىڭ ئامالىنى مەن قىلىمەن.

قان بېرىش - قان سېلىش تەييارلىقى جىددىي ئىشلەندى، ۋۇ دېگيۇن يانمۇيان يېتىپ، خالىپەگە 300 مىللىگرام ئىسسىق قېنىنى بەردى. ئۇ ھەم قان بەردى، ھەم جان بەردى. ھوشسىز ياتقان خالىپە بىرئازدىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ھايات ئۇنى يەنە بىر قېتىم باغاشلىدى، ئۇ ھاياتنىڭ قايتىلانغان مەنزىرىسىنى كۆردى. بەخت، چىن بەخت دېگەن مانا شۇ! خالىپەنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بۇ

مۆجىزىدىن ھالڭ - تالڭ قالدى، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتىكى يېڭى ھاياتلىقتىن ۋۇ دېڭيۇنگە بولغان كۈچلۈك مىننەتدارلىقنى سەزدى......

ۋۇ دېڭيۇن قان بەرگەندىن كېيىن ئۆزىگە ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئوپېراتسىيە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، ئۇ خالىپەنى ئالتە سائەت ئوپېراتسىيە قىلىپ، قورسىقىدىكى سۇنى ئېلىپ، تازىلاپ، ئۇھ دېدى. ئۇ چارچىغان، چىرايى تاتارغان ھالەتتە ئوپېراتسىيە ئۆيىدىن چىقتى. بۇ چاغدا كېچە سائەت 3 تىن ئاشقانىدى. ئۇ يەنە دوختۇر - سېستىرالارغا خالىپەنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش، كۈتۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، سۇبھىگە يېقىن ئۆيىگە كىردى، ئۇ ئەمدىلا كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇشىغا تۇن يورۇپ، ئىشقا چىقىش ۋاقتى توشتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئىشقا ماڭدى. ئۇ ئىشخانىغا كېلىپلا، خالىپەنىڭ ياتىقىغا كىرىپ خالىپەنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، دوختۇرنىڭ ئۇ ھەقتىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى سۈرۈشتە قىلدى. خالىپەنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغان ھەمدە كېسەللىك تۇراقلاشقان بولۇپ، تەدرىجىي ياخشىلىنىپ كېتىشىدە گەپ يوق ئىدى. ۋۇ دېڭيۇن ئۇنىڭغا سۈت پاراشوكى، مېۋە - چېۋە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلىپ خالىپەگە بېرىپ، ئۇنىڭ ياخشى ئارام ئېلىشىنى تاپىلىدى.

خالىپە بىر ئايدا سەللىمازا ساقايدى، ۋۇ دېڭيۇننىڭ شەخسىيەتسىز، ئالىيجاناب روھىدىن كۈچلۈك ئىلھام ئالدى. ئۇ بېشىغا بەخت قۇشىنى قوندۇرغان ۋۇ دېڭيۇنگە چىن دىلىدىن تەكرار - تەكرار رەھمەت ئېيتتى.

# يوقالغان بىمار

ۋۇ دېڭيۇننىڭ كۆڭلىرى دائىم ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتەتتى، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىسىمۇ، مانا بۈگۈن - ئەتە دەپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتەتتى، بىر قېتىم ئۇنىڭ سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى قوزغاپ بىئارام بولدى. بۇ چاغدا ئۇ باشقىلار بىلىپ قالسا بالنىستتا ياتقۇزۇپ قويىدۇ، مەن بالنىستتا يېتىپ قالسام قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرىم توختاپ قالىدۇ دەپ، كېسىلىنى يوشۇرۇپ يۈردى. بىر كۈنى ئۇ بىر بىمارنى ئوپېراتسىيە قىلىش جەريانىدا بەكلا چارچاپ كەتتى، ئۈچەي ياللۇغىمۇ قاتتىق تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى، ھەتتا ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن ئۆرە بولالماي، قورسىقىنى تۇتقانچە ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا باشقىلار ئۇنىڭدىن سوراش، كۈچلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ كېسىلىنى بىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە كىشى ئۇنى مەجبۇرىي تەكشۈرتۈپ، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى، ۋاقتىدا ئوپېراتسىيە قىلىش زۆرۈرلۈكىنى بىلىشتى. دوختۇرخانا پارتكومى ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئېغىر كېسەل تۇرۇپمۇ، كېسىلىنى يوشۇرۇپ، يەنىلا خىزمەت ئىشلىگەنلىكى-دىن قاتتىق تەسىرلەندى ھەمدە ئۇنى بالنىستتىقا ئېلىپ

داۋالاش، ئارام ئالدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى.
— مەن هازىر ياتمىساممۇ بولىدۇ، ئوپېراتسىيە قىلىنىدىغان چاغدا ياتاي،— دېدى ئۇ نارازى بولۇپ.
— بولمايدۇ، سىز ساغلام بولسىڭىزلا ئاندىن هەممە ئىشنى قىلالايسىز، سىز يەنە سانسىز بىمارنىڭ هاجىتىنى راۋا قىلىسىز، ئۇلار سىزگە ئېهتىياجلىق، شۇڭا سىز داۋالىنىپ ساقىيىشىڭىز كېرەك.
بۇ ياخشى كۆڭۈل ۋە سەممىيەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپ ئىدى، شۇنداقلا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭمۇ ئۈمىدى ئىدى!
— ۋاقتىدا داۋالىنىپ، تېز ساقايسىڭىز، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىش پۇرسىتى بولىدىغۇ؟ سىزنىڭ سالامەت بولۇشىڭىز، ئائىلىمىزنىڭ بەختى. باشقىلارنىڭ كېسىلىگە مۇئامىلە قىلغاننىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا ئۆزىڭىزنىڭ كېسىلىگە ئاجرىتىپ قويسىڭىز هەممە ئىش پۈتىدۇ، — دېدى ئۇنىڭ ئايالى كايىپ تۇرۇپ.
— دادا، ماۋزېدۇڭ تەلىم بېرىپ: «تەن ساغلام بولسا ئۆگىنىشنى، خىزمەتنى ياخشى قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن. سىز يەنىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن كېسىلىڭىزنى چوقۇم داۋالاتمىسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى قىزى ۋۇيەن كايىپ.
ۋۇ دېگىيۈن ئاخىر داۋالىنىشقا قوشۇلدى. ئۇنىڭ ئوپېراتسىيەسى ئىشتىن چۈشكەن چاغدىكى ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ شۇنچىلىك جانلىق ۋە قىزغىن ئىدىكى، ئەتىسىلا كېسەل كارىۋىتىدىن چۈشۈپ، دوختۇرخانا پارتكومىنىڭ هەيئەتلەر يىغىنىنى ئاچتى هەمدە بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. چۈشتىن كېيىن ناهىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنىغا

قاتنىشىش توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇپ ئالدى. دوختۇر-خانىدىكى باشقا يولداشلار، بولۇپمۇ پارتكوم ھەيئەتلىرى ۋە دېڭيۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشتى ھەمدە ئالاھىدە يىغىن ئېچىپ، ۋە دېڭيۇنىنى «قاتتىق نازارەت قىلىش» نى بەلگىلىدى. دوختۇر تۇرغۇن ئۇنىڭغا كۆز- قۇلاق بولۇشقا ئاجرىتىلدى ھەمدە بۇ ئەھۋاللار ۋە دېڭيۇنگە يەتكۈزۈلدى.

كەچتە تۇرغۇن ۋە دېڭيۇن بىلەن كەسپىي ئۆگىنىش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش، ئائىلىۋى تۇرمۇش، باللارنى ئوقۇتۇش، بىمارلارغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلاشتى، كېيىن ئۇ باشقا ياتاقلاردىكى بىمارلارنى تەكشۈرۈش، كۆزىتىشكە ماڭدى. تۇرغۇن قايتىپ كىرگەندە، ۋە دېڭيۇنىڭ ياتىقى قۇرۇق بولۇپ، سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. تۇرغۇن ئۇنى ئۈستىدىكى ياتاقلارنىڭ بىرەرسىدە بولسا كېرەك دەپ پەرز قىلدى، بىراق ئىش ئۇنداق بولماي چىقتى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن سادا يوق ئىدى. تۇرغۇن دوختۇر بىرەر سائەت ساقلىغان، ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى. كەچ كىرىپ ھەممە يەرنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىدى. تۇرغۇن دوختۇر جىلە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە تېلېفون ئۇرۇپ ئايالىدىن سورىدى. ئايالى:

— نەگە بېرىشنى ماڭا دېمىگەن، يىراققا كەتمەس، دوختۇرخانا ئىچىدە بولۇشى مۇمكىن...... ئىشخانىسىغا كىرىپ قاراپ بېقىڭلار، گۇرجەكنى ئېلىپ كەتكەن بولسا،

دوختۇرخانىنىڭ يېڭىدىن قويغان كۆچەتزارلىقىدا بولىدۇ،—
دېدى.

ۋۇ دېڭيۇننىڭ ئايالىنىڭ بۇ گېپى راستتىنلا تولغرا چىققانىدى. ۋۇ دېڭيۇن دوختۇرخانىنىڭ يېڭىدىن ئەھيا قىلىنغان كۆچەتزارلىقىدا كۆچەتلەرگە سۇ قويۇۋاتاتتى. تۇرغۇن قاتارلىقلار ئۇنى كۆرۈپ ئۇھ دېگەن بولسىمۇ، باشقا گەپ قىلالمىدى، ۋۇ دېڭيۇنمۇ باشقىچە كەيپىياتتا بولماي، ئاردىكى جىددىي كەيپىياتنى پەسەيتىپ:

— قاراڭلار، ئاسماندىكى ئايغا! ئۇ بىزگە ئىللىق قاراۋاتىدۇ. مۇشۇنداق كېچىدە سۇ تۇتۇش نېمىدېگەن راھەت- ھە؟! ياتاقتا بېكىنىپ ئولتۇرغاندىن شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بەكمۇ كۆڭۈللۈك بولىدىكەن دەڭلار؟— دېدى.

ۋۇ دېڭيۇن كۆچەتزارلىقتىن قايتىپ كىرگىلى ئۇنىمىدى، تۇرغۇنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇردى، ئۇلار كېچە سائەت 3 بولغاندا سۇنى قويۇپ بولدى، ئۇلار شۇندىلا ياتاققا قايتىپ كەتتى......

# خاسىيەتلىك ئۆدۈم

ۋۇ دېڭيۈننىڭ ئوغلى ۋۇجۇڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن بولسىمۇ، ئۇن نەچچە نومۇرى كەملەپ شاللىنىپ قالدى. دادام بىر ئامال قىلىپ يولۇمنى مېڭىپ، ئالىي مەكتەپكە كىرگۈزۈپ قويىدۇ دەپ ئويلىغان ۋۇجۇڭ دادىسىنىڭ توغرا يولدا مېڭىش ھەققىدىكى نەسىھەتىنى ئاڭلاپ مەيۈسلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ قورساق كۆپۈكى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. بىراق، ئۇ بۇ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىشنىڭ ئامالى بىرەر ئىش تېپىپ ئىشلەش دەپ ئويلىدى ھەمدە مەلۇم قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ مەدىكار بولۇپ ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى.

1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋۇجۇڭ قۇرۇلۇش ئورنىدا خىش، لاي توشۇۋاتاتتى، كۈتۈلمىگەندە بۇ يەرگە ۋۇ دېڭيۈن پەيدا بولۇپ قالدى ھەمدە ئوغلىنى جىددىي ئېلىپ ماڭدى، ۋۇ جۇڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سوراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇنى دادىسى ئۇدۇل دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى ھەمدە ئوكۇل بۆلۈمىگە ئەكىرىپ:

— ئالدى بىلەن پۇت - قولۇڭنى پاكىز يۇيۇپ تەييار بول، باشقىلارغا قان بېرىسەن؟ — دېدى.

17 ياشقا كىرگەن ۋۇجۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل ئەنسىرەپ قالدى، شۇ چاغدا ۋۇ دېڭيۇن:

— قورقما، ھېچ ئىش بولمايدۇ. سېنىڭ قېنىڭ ھاياتى قىل ئۇستىدە قالغان بىر بىمارغا سېلىنىدۇ، باشقا ئەندىشىدە بولما، ساڭا زىيان يەتمەيدۇ،— دېدى.

ۋۇ جۇڭ سەل قورقۇپ، بىر قىسما بولۇپ قالدى. لېكىن، يەنىلا تەۋەككۇل قىلىش لازىملىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ پارقىراپ تۇرغان ئوكۇل يىڭنىسىگە بىلىكىنى تۇتۇپ بەردى. ۋۇجۇڭ باشقىلاردىن قان بېرىش سالامەتلىككە زىيانلىق دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، دادىسىغا باشقا گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى. ۋۇ دېڭيۇن ئوغلىغا قان بېرىپ بىر جاننى قۇتقۇزغانلىقىنىڭ شۇ قەدەر شەرەپلىك ئىش ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ چىقىپ كەتتى. ۋۇجۇڭنىڭ 300 مىللىگىرام قېنى باشقىلارنىڭ تومۇرىغا ئاقتى. قان قوبۇل قىلغان بىمار بارا - بارا ھوشىغا كېلىپ كۆزلىرى نۇرلىنىشقا باشلىدى. كېيىن ۋۇ دېڭيۇن ۋۇ جۇڭنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— سەن بەك چوڭ ئىش قىلدىڭ، مەن سەندىن سۆيۈندۇم، بىر ئادەمگە نىسبەتەن يەنە بىر ئادەمنى قۇتقۇزۇۋېلىش پۇرستى دائىم كەلمەيدۇ، ئازراق قان تەقدىم قىلغانىڭ بەدەنگە ھېچقانداق زىينى يوق، سەن يەنىلا ساق - سالامەت تۇرۇۋاتىسەن، بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشتىنمۇ شەرەپلىك ئىش يوق، شۇ ئىشنى سەن قىلدىڭ،— دېدى.

ۋۇ جۇڭ دادىسىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن باھاسىنى ئاڭلاپ

بىردىنلا دىلى يورۇپ كەتتى.

ۋۇ جوڭ قان بەرگەن قىزغىز ئايالنىڭ ئىسمى سۇشەن بولۇپ، بۇنىڭدىن بىر يېرىم ئاي ئىلگىرى ئىچىزلىقتا ئىشلەۋاتقاندا تۇساتتىن قورسىقى ئاغرىپ يىتىپ قالدى. ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنى يېزىلىق شىپاخانىغا ئېلىپ باردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭغا چىقۇق كېسىلى دەپ دىياگنوز قويۇلدى. ئۇ بىر ھەپتە داۋالانغان بولسىمۇ، ئۈنۈمى بولمىدى، ئەكسىچە ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلىشىپ، ئورنىدىن تۇرالماس بولۇپ قالدى. ئۇ ھەتتا كۆتمىگەن يەردىن ھوشىدىن كېتىپ، قورسىقىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىن قان ئېقىپ قالدى. بۇنى بىلگەن ئىنىسى ئۇنى كېچىلەپ ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. دىجورنى دوختۇر تەكشۈرۈپ، ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۇقتۇرۇش بىلەن بىر چاغدا دوختۇرخانا باشلىقى ۋۇ دېڭيۈننى چاقىرىپ، بىرنەرسە دەپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ۋۇ دېڭيۈن كېسەلنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بالياتقۇ سىرتىدا ھامىلە بولۇپ قېلىشتىن پەيدا بولغان ئاغرىق ئىكەن دەپ دىياگنوز قويدى ھەمدە ئوپېراتسىيە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم بىمارغا قان بېرىش ناھايىتى زۆرۈرلۈكىنى ئېيتتى. بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ قېنىنىڭ ماس كەلمەسلىكىدىن بىر قىسمىلا بولدى. ئۇ ئويلىنىپ ئوغلىنىڭ قېنىنىڭ ماس كېلىشىدە گەپ يوقلۇقىنى جەزملەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قورۇلۇش ئورنىغا بېرىپ ئوغلىنى چاقىرىپ كەلدى.

سۇشەننىڭ ھاياتى قۇتقۇزۇۋېلىندى، ۋۇجوڭنىڭ بۇ

ئىشتىكى تۆھپىسى شۇ قەدەر چوڭ بولدى. ئۇ بۇنى كېيىن ھېس قىلىپ دادىسىنىڭ توغرا قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ دادىسىنىڭ قان بېرىشتەك ئارتۇقچىلىقىنى ئۇدۇم قىلىپ، باشقىلارغا ھاياتلىق ئاتا قىلىش ئۈچۈن بەدەل تۆلىگەنلىكىنى تونۇدى.

سۇشەن ۋۇ دېگيۇنگە مۇنداق دېدى:

— ئوغلىڭىز ئەقىللىق، قەيسەر بالا ئىكەن، ئۇ مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

— بىز ھەممىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرى، قان بېرىش، ياردەم قىلىشتا بولسۇن، ھېچ نەرسىنى ئايىماسلىقىمىز كېرەك، — دېدى ۋۇ دېگيۇن سۇ شەنگە تەسەللى بېرىپ.

# ياخشى دوست — كىتاب

«ئادەمنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى كىتاب، چۈنكى كىتاب ئادەمگە ھەم بىلىم بېرىدۇ، ھەم ياخشى ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىدۇ».

مانا بۇ ۋۇ دېگيۇننىڭ ئاغزىدىن چۈشۈرمەي كېلىۋاتقان تەشەببۇسلىرىدىن بىرى. ۋۇ دېگيۇن كىتابقا ھېرىسمەن، كىتابخۇمار ئادەم. ئۇ نەگە بارسا، كىتاب ئېلىپ كېلىدۇ، كاماندىروپكا ياكى ئېكسكۇرسىيەگە بارسۇن، شۇ يەردىكى كىتابخانىلارنى ئارىلاش ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى. ئۇ ئايالى ياكى ئۆزى بازارغا چىقسا، بېخىللىق قىلاتتى، بىراق كىتابخانىغا كىرسە، ئىنتايىن سېخىيلىق قىلاتتى. كىتاب كۆرۈش جەريانىدا قايسىبىر كىتابنى ياقتۇرۇپ قالسا، ئۇنىڭ قانچىلىك قىممەت بولۇشىغا قارىماي ئېلىۋېرەتتى. بەزىدە ئۇنىڭ ياخشى كىتابلارنى سېتىۋېلىشقا پۇلى يەتمىگەن چاغلارمۇ بولغان، بۇنداق چاغدا ئۇ ۋاقتىنچە تۇرۇپ تۇرۇپ، كېيىن پۇل تاپقاندا سېتىۋالاتتى، ئايالى ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىگە ئىسىم قويۇپ، «كىتاب خالتىسى» دەيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋۇ دېگيۇن بەكلا كۈلۈپ كېتەتتى. لېكىن، ۋۇ دېگيۇننىڭ ئايالى ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن بەكلا

سۆيۈنەتتى. شۇڭا، ئايالى ۋۇ دېڭيۈننىڭ كىتابلىرىنى دائىم رەتلەپ، پاكىز تۇتۇپ، ئاسراپ بېرەتتى، ئۇنىڭ كىتابلىرىنى دائىم تۈرلەرگە ئايرىپ قوياتتى؛ ۋۇ دېڭيۈننىڭ بىكار بولسىلا كىتابخانىغا كىرىپ كۆزەينىكىنى تاقىۋېلىپ كىتاب ئوقۇشى ۋە خاتىرە يېزىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرەتتى.

بىر قېتىم ۋۇ دېڭيۈن ئۈرۈمچىگە بېرىپ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتنىشىپ قايتىپ كەلدى. ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. ئۆيگە كىرىپ كىرىسلودا يېتىپلا ئۇخلاپ قالدى. ئويغانغاندىن كېيىن:

— خۇتۇن، ساڭا كىيىم ئالغاچ كەلدىم، سومكىدىن ئالغىن، — دېدى.

بىرنەرسە ئالغاچ كېلىش دەپ ھەمىشە تاپىلىسا ئۇنتۇپ قالىدىغان ۋۇ دېڭيۈن بۇ قېتىم قانداق بولۇپ دېمىسىمۇ خوتۇنىغا كىيىم ئالغاچ كەلگەندۇ؟ خوتۇنى ئۇنىڭ سومكىسىنى خۇشاللىق بىلەن ئاچتى. بىراق، ئۇنىڭ سومكىسىدىن ساپلا كىتاب چىقتى، نۇرغۇن كىتابلارنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاستىدا پۇرلىشىپ كەتكەن بىر قۇر «يېڭى كىيىم»نى تاپتى.

ۋۇ دېڭيۈننىڭ ئۆيىدىكى كىتاب ئىشكابىدا ناھايىتى نۇرغۇن كىتاب بار. بۇ كىتابلارنى دېگۈدەك ۋۇ دېڭيۈن ئوقۇغان، بىلىم ئالغان، بىرسىمۇ بىكار تۇرۇپ قالغان ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇنىڭ بۇ كىتابلىرى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى كىتاب كىمگە لازىم بولسا، ئالدى بىلەن ئارىيەت بېرەتتى، بەزىلەرگە ئارىيەت بەرگەن كىتابلار مەڭگۈلۈك ھەدىيە بولۇپ كېتەتتى.

شۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭ كىتاب ئىشكابىدىكى كىتابلار تۇرۇپلا ئازلاپ قالاتتى. ۋۇ دېگيۇن بولسا ئۇنى سېتىۋېلىش يولى بىلەن تولۇقلاپ قوياتتى.

ۋۇ دېگيۇننىڭ بۇنداق ئىشلىرىغا تاقەت قىلالمىغان ئايالى ئاخىر بىر كۈنى:

— كىتابلىرىڭىزنى باشقىلار ئارىيەت ئېلىپ بەرمىسە كارىڭىز بولمايدىكەن، لازىمى يوق كىتابلارمۇ ياكى بەرمىسىمۇ بولامتى؟ ئۇنداق ئەمەسمىكىن دېسە، يەنە سېتىۋالىدىكەنسىز. باشقىلارغا بەرگەن كىتابلارنى قايتۇرۇۋالايلى، ئۇلارمۇ سىزگە ئوخشاش پۇلغا ئالسۇن! — دېدى.

ۋۇ دېگيۇن كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— كىتابلىرىم بىكار تۇرسا بولمايدۇ، باشقىلار پايدىلانسا مەن شۇنىڭغىمۇ خۇش بولىمەن، سىزمۇ بىلىسىز، دوختۇرخانىمىزدا ياش تايانچ كۈچ كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ كەسپىي ئاساسى بەكلا ئاجىز، ئۇلارنى تەربىيەلەش بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈش ناھايىتى زۆرۈر. ئۇلارنىڭ كىتاب ئوقۇپ بىلىم ئېلىشى چوڭ ئىش. مەن ئۇلارنى قوللىمىسام بولمايدۇ، شۇ باھانىدە كىتابنى دوست تۇتۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، مېنىڭ كىتابلىرىم مۇشۇ رولنى ئۆتەشكە تۆرتكە بولسا ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. مەن كىتابلىرىم ئارقىلىق ئۇلارغا ياردەم بەرسەم ياخشى ئىش قىلغان ھېسابلىنىمەن.

بىر ئادەمنىڭ شەخسىيىتى مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا شۇ ئادەم نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قېلىشى مۇمكىن، ئەمما بىر ئادەم ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىنى باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈستىگە قويالىسا، ئۇ چاغدا بۇ ئادەمنىڭ قولغا

كەلتۈرىدىغان نەتىجىلىرى ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ كۆپ ۋە شەرەپلىك بولۇشى مۇمكىن.

ۋۇ دېڭيۈننىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇ قولغا كەلتۈرگەن شان-شەرەپلەرنىمۇ مانا مۇشۇنداق روھ، پەزىلەتتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى. ئۇ كىتابلىرىنى ئۆزىنىڭلا مۈلكى دەپ قارىماستىن، كۆپچىلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان خاسلىققا ئىگە قىلىش بىلەنمۇ باشقىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

## ۋۇ دېگيۇننىڭ يۇرەك پارىسى

ماي ئايلىرىدا پامىر ئېگىزلىكى يېشىللىق بىلەن پۇركىنىدۇ، شۇنداق كۇنلەرنىڭ بىرىدە يېڭىدىن سېلىنغان ئۇلۇغچات ناھىيە بازىرىدىكى «يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش ئابىدىسى» نىڭ ئەتراپىدىكى گۇللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ، كىشىنى مەھلىيا قىلىدى. شۇ كۇنلەرنىڭ بىرىدە ۋۇ دېگيۇننىڭ قىزى ۋۇيەن بەش ياشلىق ئوغلىنى ئاشۇ ئابىدە ئەتراپىدا تاماشا قىلدۇرغاچ ئارام ئېلىۋاتاتتى. ئامراق دادىسى ۋۇ دېگيۇن ئۇنى يىراقتىنلا كۆردى ھەمدە ئۇدۇل شۇ تەرەپكە باردى. ۋۇيەن دادىسىنى كۆرۈپ خۇش بولدى.

— يەنزى، — دېدى ۋۇ دېگيۇن ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن نەۋرىسىنى ئەركىلەتكەچ،— ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىدا ئېغىر كېسەل بىلەن ئاغرىپ ياتقان بىر ساقچى يولداش بار، ئۇنى شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى دوختۇرخانىغا ئاپىرىش ناھايىتى زۆرۈر. بىزنىڭ دوختۇرخانىدا داۋالاش مۇمكىن بولمىدى، ئۇنى بىر ئادەم ئۇرۇمچىگە ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشى كېرەك. ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى سەن ئوبدان چۈشىنىسەن، شۇڭا سېنى بارسۇنمىكىن دەيمەن، بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟ ئۇلارغا ياردەم قىلمىساق

بولمايدۇ قىزىم.

«يەنزى» قارلىغاچ دېگەن مەنىدە بولۇپ، ۋۇ دېگىيۈن ئۈنى ئەركىلىتىپ دائىم شۇنداق ئاتايتتى. بۈگۈن ئۇ دادىسىنىڭ روھىي ھالىتىدىكى كەسكىنلىكنى كۆرۈپ ئارتۇق گەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى بىلدى-دە:

— بولىدۇ، دادا، مەن باراي، — دېدى.

ۋۇيەن شۇ كۈنلەردە ئارام ئېلىۋاتاتتى، مانا ئەمدى بۇمۇ يوققا چىقتى. دادىسى ئۈنىڭغا تولىمۇ مېھىرلىك قارىدى، ئۈنىڭدىن قىزىغا بولغان كۆيۈنۈش بىلەن ئۆزىنىڭ قىزىدىن كۈتكەن ئۈمىدى ۋە ئۆتۈنۈشى چىقىپ تۇراتتى.

— بىمارنى دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، شىخەنزىگە بېرىپ، چوڭ ئاناڭنى يوقلىغاچ كەلگىن، — دېدى ۋۇ دېگىيۈن قىزىغا تاپىلاپ،— شۇ يەردە ئارام ئالساڭمۇ بولىدۇ، نەۋرەمنىڭ ھالىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن......

— دادا، سىزمۇ ئارام ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ، قاراڭ، ئۆزىڭىزگە! كۆزلىرىڭىز قىزىرىپ ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ، چاچلىرىڭىزمۇ چۈشۈپ، بەكلا شالاڭشىپ كېتىپتۇ......

ۋۇيەن شۇ كۈنلا ھېلىقى بىمارنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتتى.

بىمارنىڭ ئىسمى قاسىم بولۇپ، ئوقسالۇر يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ قىرغىز ساقچىسى ئىدى. ۋۇيەن يولدا كېتىۋېتىپ، ئۈنىڭغا قىزغىن مۇئامىلىدە بولدى ھەمدە تۈز، چىقىشقاق مىجەزى بىلەن بىمارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى، يولبويى بىمارنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلدى. ئۈنىڭ ئۈيقۇسى كەلسە ئورۇندۇققا يۆلىنىپ بىرئاز

ئۆخلاپلا بولدى قىلدى.
ئۇرۇمچىگە بارغانـدىن كېيىن ئۇيـاق ـ بۇياققا يۈگـۈرۈپ يۈرۈپ، بىمارنى تېزلا ياتاققا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ماڭـدىغان چاغـدا بىمارنىـڭ ئـۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغـا ئالاقىلىـشىش ئادرېسلىرىنى قالدۇرۇپ قويدى.
— قىزىم، سىزگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت، سىزنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمىز، — دېدى ئۇلار چوڭقۇر مېھرى بىلەن تەشەككۇر بىلدۈرۈپ.
قاسـىم دوختۇرخانىغـا كىرىـپ سـەككىزىنچى كـۈنى داۋالاشـتىن ئۈمىـدىنى ئـۈزۈپ قايتىـپ كېتىـدىغان بولـدى، ئۇنىڭ بۆرەك راكى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغـان بولـۇپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ چاغدا ئۇنىـڭ ئۆيـدىكىلەر ۋۇ يەنـى ئېـسىگە ئېلىـپ، ئۇنىڭغـا تېلېفـون قىلدى. ۋۇ يەن دەرھال ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى ھەمدە ۋۇ دېڭيۈنگە تېلېفون قىلىپ قانداق قىلىش توغرۇلۇق كۆرسـەتمە سـورىدى. ۋۇ دېڭيـۈن ناھىيەلىـك ج خ ئىدارىـسىنىڭ رەھبەرلىرى بىـلەن سۆزلىـشىپ، بىمارنىـڭ ئايروپىلان بىـلەن كېلىشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىراق ئـۇلار خىـراجەت قىس، ئاپتوموبىل بىـلەن قايتىـپ كەلـسە، دېـگەن پىكىرنـى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋۇ دېڭيۈن قىزىغا تېلېفون قىلىپ:
— ئۈرۈمچىدىن دوختۇرخانىنىڭ ئىككـى يـۈك ئـاپتوموبىلى قايتىـپ كەلمەكچـى بولـۇپ تـۇراتتى، سـەن بىمـارنى شـۇ ئاپتوموبىلغا سېلىپ قايتىپ كەل، بىمارنىڭ ھالىدىن ئوبـدان خەۋەر ئال! — دېدى.
ۋۇيەن بىمارغا قارىغاچ بىر ئاپتوموبىلغا، بىمارنىڭ ئائىلى-

ـسىدىكىلەر يەنە بىر ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى.
ئۇلار يولغا چىقىپ ئۈچىنچى كۈنى، يەنى 1997 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سەھەردە ۋۇيەن ئولتۇرغان ئاپتوموبىل ئۇلۇغچاتقا يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندا، كۈتۈلمىگەندە ئېغىر قاتناش ۋەقەسى يۈز بەردى ـ دە، خاسىيەتلىك ئىش قىلىۋاتقان ۋۇ يەن بەختكە قارشى قازا قىلدى.
شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت 3 ئەتراپىدا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە سائەت 6 دە ۋۇ دېڭيۈنىڭ قۇلىقىغا يەتتى، ئۇ ھاڭ ـ تاڭ قالدى، ئۇنىڭغا ئاسمان گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەندەك تۇيۇلدى. ئۇلۇغچات ناھىيەسىدە قاتتىق يەر تەۋرىگەن چاغدا ۋۇ دېڭيۈنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولۇپ، قەلبى ئازابلانغانىدى. مانا ئۇ ئۆمرىدە يەنە بىر قېتىم شۇنداق بەختسىزلىك ۋە ئازابنى سەزدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن جۇدالىق ياشلىرى، مەڭگۈلۈك مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن تولغان ئاتىلىق مېھىر يېشى ئاقتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئاشۇ قارلىغاچنىڭ قايتىپ كېلىشىنى سانسىز قېتىم كۈتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ مەڭگۈ قايتىپ كەلمىدى. ۋۇ دېڭيۈنىڭ قەلبىگە ئۆزى دەپ بېرەلمەيدىغان سېغىنىش، جۇدالىق ئورناپ كەتتى. ۋۇ دېڭيۈن بەزىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغاندا، قىزىنىڭ باشقىلارنىڭ ئىشى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغانلىقىنى ئويلاپ، قىزىم خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلدى، بۇ ئۇنىڭ ۋە مېنىڭ بەختىم ئەمەسمۇ؟ دەپ تەسەللى تاپىدىغان بولدى. ئۇلۇغچات ناھىيەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقمۇ ۋۇيەننىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىپ، «ۋۇيەن ياخشى قىز ئىدى، بىز ئۇنى مەڭگۈ ياد ئېتىپ تۇرىمىز» دەپ خىتاب قىلىشىدۇ.

# كىچىك «بۇلبۇل»نىڭ يۇرەك ساداسى

14 ياشقا كىرگەن خەلچەم ئېيسا جاراڭلىق ناخشىسى بىلەن ئەل ئارىسىدا داڭ چىقاردى. ئۇ ئوچۇق - يورۇق، ساددا مىجەزى بىلەن ھەر قېتىم ئويۇن قويغاندا تاماشىبىنلارنىڭ قايتا تەلەپ قىلىپ ناخشا ئوقۇتىدىغان، تەكرار ماختىشىغا سازاۋەر بولىدىغان قىز ئىدى. شۇنداق كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭغا كۆز تەگكەندەكلا كانىيى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بۇنىڭغا دەسلەپتە ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمىدى، پەقەت ساقىيىپ قالدۇ، شامال تېگىپ قالغان چېغى دەپ يۈرۈۋەردى. باشقىلارغا دەپمۇ يۈرمىدى، دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقاي دېگەن بولسىمۇ، كىچىككىنە ئىشقا «تاۋى نازۇك» بولغۇسى كەلمىدى. لېكىن، ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئارقىسىغا ئۆزى كۈتمىگەن، باشقىلار ھېس قىلمىغان يوشۇرۇن خەۋپنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

ئىش ئاخىر ئاشكارا بولدى. بىر كۈنى ئۇ كەچلىك ئويۇن قويۇشتا ناخشا ئوقۇدى، دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ كانىيى قىسىلىپ، بەكلا قىينىلىپ كەتتى، قورۇق يۆتەل ئۇنى قىيناشقا، ئازابلاشقا باشلىدى. شۇ كۈندىكى ئويۇن

ئۇنىڭغا ناھايىتى تەستە تۈگىگەندەك بىلىندى، ئۇ تولىمۇ بىئارام بولغان ھالەتتە ئۆيىگە قايتتى، بىراق زادىلا سۆلى يوق، خىرامان ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى، تونۇشلىرى، خىزمەتداشلىرى ئۇنى ئارام ئېلىشقا، دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە دەۋەت قىلدى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا دورا ئورنىدىكى تاماقلارنى قىلىپ بەردى، بىراق ئۇنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولماي، ئەكسىچە كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە ئۇ راستتىنلا بولالماي قالدى، ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ، ماغدۇرسىزلىنىپ يىقىلدى، ئاۋازى بوغۇلدى، تاماق يېۋىدى كانىيىدىن راۋان ئۆتمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەننى قورقۇنچ باستى......

خەلچەم ئېيسا ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ يەردە ئۇنى بىز تەرىپىنى قىلىۋاتقان مېھرىبان، كۆيۈمچان، قىزغىن ھەم شۇ قەدەر سەممىي دوختۇر ۋۇدېگىيۇن كۈتۈۋالدى.

خەلچەم ئېيسا كىچىك بولسىمۇ، ۋۇدېگىيۇن ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايە، تەرىپلەرنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان ھەمدە ئۇنىڭغا چىن ئىخلاسى بىلەن قايىل ئىدى. شۇڭا، دوختۇرخانىغا كېلىۋاتقان ئاشۇ مىنۇتلاردا ئۇ ۋۇدېگىيۇنگە يولۇقۇپ، ئۇنىڭدەك ياخشى، تەجرىبىلىك دوختۇرنىڭ قولىدا ساقىيىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلدى. كۈتكىنىدەك ئۇنىڭ ئارزۇسى ئۆزى ئويلىغاندەكلا ئىشقا ئاشتى، ۋۇدېگىيۇن ئۇنى داۋالايدىغان، ئۇنى ساقايتىدىغان بولدى. ئۇ بالنىستقا كىرىپ ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي، ۋۇدېگىيۇننى كارىۋىتىنىڭ يېنىدا كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالدى ھەمدە بەكمۇ سۆيۈندى. ھاياجاندىن كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ، ۋۇدېگىيۇنگە بولغان

چەكسىز ھۆرمەت ھېسسىياتى مەۋج ئۇردى.

— بالام، ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق، كانايى بادامبەز ياللۇغى بولۇپ قاپسىز، ياللۇغ يارىغا ئۆزگىرىپ، يىرىڭداپ كېتىپتۇ،— دېدى ۋۇدېڭيۇن ئۇنى تەپسىلىي، ئەتراپلىق تەكشۈرگەندىن كېيىن،— بىرقانچە كۈن ئىچىدە كېسەللىك ئەھۋالىڭىز تۇراقلىشىدۇ، مەن شۇ چاغدا كىچىك ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئاسانلا ساقايتىۋېتىمەن.

خەلچەم ئىپىسانىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى، ئۇ نېمە قىلارىنى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ۋۇدېڭيۇنگە تىكىلىپ قاراپ قالدى. ئاتا - ئانىسىمۇ قىزىنىڭ كەيپىياتىدىكى بىنورماللىقنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى ۋە:

— دوختۇر، ئوپېراتسىيە قىلماي داۋالاپ ساقايتقىلى بولماسمۇ؟— دەپ سورىدى.

— بولىدۇ، بىراق ئۇزۇل - كېسىل ساقايتقىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ بىردىنبىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ئوپېراتسىيە قىلىپ يارا بولغان بەزنى قىرىپ ئېلىۋېتىش. ئۇنداق قىلمىغاندا، ھەدېگەندە ياللۇغلىنىپ قېلىپ قىزىتىش، بىئارام بولۇش، شۇنىڭدەك ئۆپكە، يۈرەك قاتارلىق ئەزالاردا ئەگەشمە كېسەللىكلەرنى، زىققىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، بۇ ئاخىر بېرىپ پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك ئاجىزلىق، بىنورماللىق قاتارلىق ھەر خىل كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. مەن سىلەرنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشقا زورلىمايمەن، ئەمەلىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ قىلىپ دەۋاتىمەن، قانداق قىلىشنى پەقەت ئۆزۈڭلار تاللىساڭلار بولىدۇ،— دېدى.

— دوختۇر، مېنىڭمۇ ئوپېراتسىيە قىلدۇرغۇم يوق، ئۇنداق قىلىشتىن بەك قورقىمەن، كانىيىمغا پىچاق تېگىپ، تاتۇق بولۇپ قالسا ياكى ئاۋازىم چىقماس بولۇپ قالسا قانداق قىلىمەن؟— دېدى خەلچەم ئېيسا مەيۈس هالدا.

— هەرگىز قورقماڭ، ئوپېراتسىيە قىلغاندا تۇيمايلا قالىسىز، ئاغرىق هېس قىلمايسىز، چۈنكى ئوپېراتسىيە قىلىدىغان ئورۇننى ناركوز قىلىمىز، ناركوز بىلەن بەدەن مەست بولۇپ، ئوپېراتسىيە قىلغاندا ئاغرىق سېزىلمەيدۇ، ئوپېراتسىيەدىن كېيىن تاتۇق بولۇپمۇ قالمايدۇ هەم ئاۋازىڭىزغىمۇ تەسىر يەتمەيدۇ. هەرگىز قورقماڭ، ئەنسىرىمەڭ. شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، مەن چوقۇم سىزنىڭ كانىيىڭىزنىڭ ئەسلىدىكى هالىتىنى ساقلاپ قېلىشقا كاپالەت بېرىمەن.

— ۋۇدېڭيۇن هۆل لوڭگە تەييارلاپ، خەلچەمنىڭ پېشانىسىگە قويدى هەمدە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، سېستىرالارنىڭ قانداق قىلىشى توغرۇلۇق تەپسىلىي چۈشەنچە بەردى.

خەلچەم ئېيسا ئۇلۇغچات ناهىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كىچىك ئارتىسى، شۇنداقلا كۆزگە كۆرۈنگەن قىرغىز ناخشىچى. ئۇنىڭ بۇ ئۆمەكتە ناخشا ئوقۇۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولغانىدى. ئۇ بۇ ئىككى يىل داۋامىدا ئۆمەكتىكى پېشقەدەملەر ۋە ئاتاقلىق ئارتىسلارنىڭ ياردەم بېرىشى، يېتەكلىشى ئارقىلىق كەسپىي ئىقتىدار هازىرلاپ، ئۆمەكتە ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ئادەم يوق دەرىجىدە مۇهىم ئورۇنغا ئىگە بولغانىدى. ئۇنىڭ سۈزۈك بۇلاقتەك ئاۋازى يېقىملىق كۈي هاسىل قىلىپ، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان يارقىنلىقى ئۇنىڭ تالانتىنى نامايان قىلىش بىلەن بىر

چاغدا، بىر خىل خاسلىقنىمۇ ھاسىل قىلغانىدى. ئۇ مۇشۇ بىر قاتار ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئۆمەكتە ئالدىنقى قاتاردىكى ئارتىس، خەلق ئارىسىدا سۆيۈنۈشكە سازاۋەر ناخشىچى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلۇغچات ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكى قەدىردان جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىپ، «پامىر ئېگىزلىكىدىكى ئۇلانماچۇر» دەپ نام بېرىشكە سازاۋەت بولغانىدى. مانا ئەمدى مۇشۇنداق بىر ئۆمەكنىڭ غوللۇق ئارتىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ئەزاسىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ئۆمەك رەھبەرلىكىنىمۇ بىئارام قىلدى. كىچىك خەلچەمنىڭ ئىچ- ئىچىدىن يىغلىغۇسى كېلەتتى، ئۇ بۇرۇنقىدەك ناخشا ئوقۇيالماي قېلىشىدىن، ئوقۇغان ناخشىلىرىدا پاساھەت ۋە يارقىنلىقنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىدى. ئاتا- ئانىسى بولسۇن، باشقىلار بولسۇن، ئوپېراتسىيە قىلدۇرماسلىق تەكلىپىنى بەردى؛ دوختۇر ئۇنىڭغا ناھايىتى نۇرغۇن ئەمەلىي چۈشەنچىلەرنى بەردى. زادى قانداق قىلىش كېرەك؟

— ۋۇ دوختۇر ئوپېراتسىيە قىلىمىز دېسە ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ، چۈنكى بۇ ئادەم قايسى كېسەلگە قانداق قىلىشنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئۇنىڭ قولى تەگكەن يەر چوقۇم ياخشى ساقىيىپ، بۇرۇنقىدەكلا بولىدۇ، ئۇ داۋالاپ ساقايتقان كېسەللەرنىڭ ھېچبىرى بۇ كەمگە كەلگۈچە نارازى بولۇپ باقمىدى،— دېدى خەلچەم ئېپىساغا مەسئۇل سېسترا ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ،— سىزمۇ ۋۇ دوختۇردىن چوقۇم خۇش بولۇپ قالىسىز. ئۇ ئۆزى ئوپېراتسىيە قىلىدىمۇ، ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇنىڭ قولىدىن ھامان گۈل

ئۇنىدۇ......
خەلچەم ئىپىسانىڭ قەلبىدە ئەندىشە بىلەن ئۈمىد ئارىلىـ-
ـشىپ كەتكەن كەسكىن بىر مەيدان زىددىيەت پەيدا بولدى.
ئۇ ئوپېراتسىيەنىڭ ئۆزىگە قانداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىش
مۇمكىنچىلىكىنى بىلمىسىمۇ، ئۆزىدە كەم بولسا بولماي-
-دىغان ئاۋازنىڭ خىيىم - خەتەرگە ئۇچرىشىدىن بەكمۇ
ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە، ھېسسىياتىدا، سۆزلىرىدە مانا
مۇشۇ بىرلا سادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. ئىككىنچى كۈنى
سەھەردە خەلچەم ئىپىسا كۆزىنى ئېچىپلا كارىۋىتى بېشىدا
ئولتۇرغان ۋۇدېگيۇننى كۆردى، ئۇ بۇنىڭدىن شۇنچىلىك
سۆيۈنۈپ كەتتى.
— ۋۇ دوختۇر، ئەجەب سەت ئىش قىلدىم - ھە؟ رەنجىمەڭ،
قارىمامسىز، مەن شۇنچىلىك تاتلىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن،
سىزنىڭ داۋالىشىڭىز، بەرگەن دورا - ئوكۇللىرىڭىز شۇنچىلىك
ياخشى مەنپەئەت قىلدى، رەھمەت دوختۇر، رەھمەت!— دېدى
ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ھاياجان ئىچىدە.
— ياخشى، ياخشى، مەن سىزگە نېمە دېدىم، سىز تېزلا
ساقىيىپ كېتىسىز، ئوپېراتسىيە قىلساق، تېخىمۇ ياخشى
ساقىيىپ كېتىسىز،— دېدى ۋۇدېگيۇن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ
تۇرۇپ.
— مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن دوختۇر، بىراق ئوپېراتسىيەدە
كانىيىم ئاغرىپ كەتسە چىدىيالمايمەن، مەن پىچاقتىن بەك
قورقىمەن، بىلەمسىز دوختۇر، مەن بەك قورقۇنچاق! — دېدى
خەلچەم ئىپىسا ئەركىلىگەندەك قىلىپ.
— ھەي بالام، خاتىرجەم بولۇڭ، ئوپېراتسىيەدىن

بۇرۇنقى ناركوز سىزنى شىرىن ئۇيقۇغا باشلاپ بارىدۇ، سىز خۇددى ئانىڭىز كىچىك چاغلاردا سەگۇنچەكتە ئەللەيلىگەندەك تۇيغۇ بىلەن ھېچ نەرسىنى سەزمەيسىز. ئوپېراتسىيەدىن كېيىن، بىرقانچە كۈندىلا ساقىيىپ كېتىسىز، ئاۋازىڭىزمۇ ئەسلىدىكىدەكلا جاراڭلىق، سۈزۈك بولىدۇ، بۇنىڭغا ئىشىنىڭ.

— رەھمەت، دوختۇر، رەھمەت!

— بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم، رەھمەت ئېيتىشىڭ ھاجىتى يوق. ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق - ھە، قىزىم.

— ماقۇل، مەن سىزگە ئىشىنىمەن دوختۇر......

— جىددىي تەييارلىق قىلىشتىن كېيىن خەلچەم ئېيسا ئوپېراتسىيە ئۆيىگە ئېلىپ كىرىلدى، ئۇ يەنىلا قورقۇپ تۇراتتى، چىرايىدىكى قورقۇنچ ۋە بىئاراملىقنى كۆرگەن ۋۇدېڭيۇن ئۇنى رىغبەتلەندۈردى، بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇغا كەتتى. ۋۇدېڭيۇن ئۇنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئەستايىدىل ئوپېراتسىيە قىلىپ، ياللۇغلىنىپ يارا بولۇپ كەتكەن بەزنى ئېلىۋەتتى. ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. دوختۇر ۋۇدېڭيۇن ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ زىيان- زەخمەتكە ئۇچرىماسلىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدى، ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى بادامبەز ئوپېراتسىيەسىنى كۆپ قېتىم قىلغان ھەم ھەممىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى. ئەمما، خەلچەم ئېيساغا ئوخشاش ئاۋازنى قوغداش، ئاسراشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان بىمارنى ئوپېراتسىيە قىلىپ باقمىغانىدى. ۋۇدېڭيۇن بۇ ئىشتىمۇ

ئۆزىگە خاس ئوپېراتسىيە قىلىش تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ چىقتى.

— خەلچەم ئېيسا كۆزىنى ئاچقاندا، ۋۇدېڭيۈننىڭ يەنىلا كارىۋىتىنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۆزىنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىنغانلىقى ئېسىگە كېلىپ، ۋۇدېڭيۈننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى.

ۋۇدېڭيۈن خەلچەمنىڭ تېزرەك ساقىيىشىنى ئارزۇ قىلاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئوزۇقلىنىشى، ئارام ئېلىشىغا ھەر تەرەپلىمە ياردەم بەردى. ۋۇدېڭيۈننىڭ ئايالى ھەر كۈنى بىر- ئىككى ۋاق تاماق ئېتىپ كىرىپ، ئۇنىڭ ياخشى ئوزۇقلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. دەسلەپتە خەلچەم تاماق يېگىلى ئۇنىماي، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى. خەلچەمنىڭ نېمىشقا تاماق يېمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتتى، پەقەت ئۇنىڭدىن تاماق يېگۈم كەلمىسە قانداق قىلىمەن دېگەن جاۋابنىلا ئاڭلايتتى، بۇنىڭغا قارىتا ۋۇدېڭيۈن سەۋرچانلىق بىلەن ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلەپ، ئۇنىڭ كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ خاتىرجەم بولۇشىنى تاپىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئىشتىھا ئاچىدىغان دورا ۋە ھەزىم قىلىشنى ياخشىلايدىغان سۈيۈقلۇقلارنى بەردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىشتىھاسى تېزلا ئېچىلىپ تاماققا كىرىشتى.

ۋۇدېڭيۈن ئۇنىڭغا:

— داۋالاش بىلەن ئوزۇقلىنىش تەڭ ئېلىپ بېرىلسا، كېسەل ئاسان ساقىيىدۇ، سىز ياخشى بالا، گەپ ئاڭلاڭ، زورلاپ تاماق يەپ بېرىڭ، بۇ سىزگىمۇ، بىزگىمۇ ياخشى،—

دېدى چۈشەندۈرۈپ،— بەدەن قۇۋۋەتكە تولسا، كېسەل بوزەك قىلالمايدۇ. نېمە يېگۈڭىز بولسا دەڭ، مەن تەييار قىلىپ بېرىمەن......

ئۆمەك رەھبەرلىرى خەلچەمنىڭ كانىيىنى ئوپېراتسىيە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇنى يوقلىدى، بىراق ئۇلارنىڭ كەيپىياتى باشقىچە بولدى، ھەممىسى خەلچەمنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىنغانلىقىنى مۇۋاپىق كۆرمىدى، بەلكى رەنجىدى. بىر رەھبەر مۇنداق دېدى:

— سىز تەشكىلنىڭ ئادىمى، ئالدى بىلەن بىزدىن يوليورۇق سوراپ، ئاندىن ئوپېراتسىيە قىلدۇرسىڭىز توغرا بولاتتى. يامان قىپسىز، بۇنىڭدىن كېيىن ئاۋازىڭىز تولۇق چىقماي، ناخشا ئوقۇيالمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟.......

خەلچەم بەكمۇ خىجىل بولدى ھەمدە نېمە دېيىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ راستىنلا توغرا قىلمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ رەھبەرنىڭ دېگىنى توغرا، ئالدى بىلەن تەشكىلدىن سوراپ ئىش قىلسا، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى نۇرغۇن ئىشلىرىنىڭ ئۆز يولىدا مېڭىشىغا پايدىسى بولاتتى. مانا ئەمدى ئىشلار قانداق بولار؟ ئۇنىڭ ئىچى سىقىلدى، بىئارام بولۇپ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. لېكىن، بولار ئىش بولۇپ بولغان، ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ، ئۇنى يوقلاپ كەلگەن كەسپداشلىرى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ خىيالغا پاتتى. راستىنلا ئۇنىڭ ئاۋازى توسالغۇغا ئۇچرىسا ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ ناخشا ئوقۇيالمىسا قانداقمۇ قىلار؟ ئۆمەك ئۇنى قايتىپ كەت دەرمۇ؟ مانا مۇشۇنداق خىياللار ئۇنىڭ روھىي بېسىمىنى ئاشۇرۇپ، يەنە ئىشتىھاسى

تۇتۇلۇپ، ئارامسىزلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەشۋىش، ئەنسىرەشلىرىنى بىلگەن ۋۇدېڭيۇن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، بولمىغۇر خىياللاردا بولماي، ئىشەنچ بىلەن داۋالىنىپ ساقىيىشىنى تەۋسىيە قىلدى.

— بالام، مەن سىزگە دېگەنغۇ؟ ساقايغاندىن كېيىنلا سىز بۇرۇنقىدەكلا ناخشا ئوقۇيالايسىز.

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن 15 كۈن ئۆتۈپ كەتتى، خەلچەمنىڭ كېسىلى ساقىيىپ، بوينىدىكى تېڭىق يېشىۋېتىلدى. بۇ جەرياندا ۋۇدېڭيۇن ئۇنىڭ ئاۋازىنى مەشىق قىلدۇرۇپ چېنىقتۇرۇپ تۇردى. ئۇنىڭ تۇسۇلۇپ قالغان ئاۋازىمۇ بارا - بارا ئېچىلدى، بىرنەچچە قېتىم ناخشا ئوقۇپ بېقىۋىدى، ئاۋازى بۇرۇنقىدەكلا جاراڭلىق، سۈزۈك، يېقىملىق چىقتى، ئاۋازى قىلچىلىكمۇ زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىغانىدى. ئۇ بۇنىڭدىن شۇنچىلىك خۇشال بولدى، سۆيۈندى. ئۇ تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ يىغلىۋەتتى، بۇ ياش ئۇنىڭ ھاياجانلىق يېشى بولۇپ، ئۇنىڭدا ۋۇ دېڭيۇنگە بولغان چەكسىز مىننەتدارلىق بار ئىدى.

ئۇ دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۆمەك رەھبەرلىرى ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ، بەكلا خۇشال بولدى ھەم خاتىرجەم بولدى. ئۇلار:

— مانا بۇ ياخشى، قابىل دوختۇرنىڭ پاراستىدىن بولغان ئىش، — دېيىشتى.

مانا بۇ 1976 - يىلى بولۇپ، جۇڭگونىڭ سىياسىي تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ بىر يىل ئىدى. چۈنكى، شۇ يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغان پەيت. مانا

مۇشۇنداق خۇشاللىق پەيتتە ھەممىلا يەردە ناخشا ساداسى ياڭراپ، خەلقنىڭ تۇنجۇقۇپ قالغان قايناق ھېسسىياتى بۇلدۇقلاپ ئېتىلىشقا باشلىدى. ئاقتۇ ناھىيەسى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، خەلقچەم شىنجاڭ بويىچە ئۇرۇمچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىگە تاللاندى. بۇنىڭ-دىن ئۆزى خۇشال بولۇش بىلەن بىر چاغدا سەنئەت ئۆمىكى، ئەل - يۇرت، ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ شۇنچىلىك ھاياجانلاندى ھەمدە ئۇنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇتۇق قازىنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈشتى. بۇ چاغدا يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ تۇسالغۇغا ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەشتى. لېكىن، ئىش ئۇنداق بولمىدى، ئۇ رەسمىي مۇسابىقىدە ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ، ياڭراق ئاۋازى بىلەن تاماشىبىنلار ۋە باھالىغۇچىلارنى ھەي-ران قالدۇرۇپ، بىرىنچى دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. دېمەك، ئۇنىڭ ئاۋازىدا ھېچقانداق مەسىلە يوق، مانا بۇمۇ بىر جەھەتتىن دوختۇر ۋۇدېڭيۇنىڭ ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ، ئۇنى ناھايىتى ياخشى داۋالىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

ئاردىن بىرقانچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى، خەلچەم چوڭ بولدى، ئۇ كەسپتە ئەتراپلىق يېتىلىپ يېتىلدى، ئاۋازىنىڭ كاشىلىغا ئۇچراش تۇغرىسىدىكى يامان چۈشلىرى بارا - بارا كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، لېكىن ۋۇدېڭيۇنىڭ ئەينى چاغدىكى سەمىمىيىتى، قىزغىنلىقى، ئۆزىگە بولغان شۇنچىلىك چوڭقۇر مېھرىبانلىقى ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ قەلبىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى. ھەر قېتىم ئۇ دوختۇرخانا

ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئالدىراش بولسىمۇ ۋۇدېڭيۇننى يوقلاپ كۆرۈشۈپ ماڭىدىغان، يېقىن ئەتراپتا ئۆيۈن قويسا، ۋۇدېڭيۇنگە بىلەت ئاپىرىپ بېرىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغان غەمخورلۇقىنى قايتۇرۇشقا تىرىشىپ كەلدى. ۋۇدېڭيۇنمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئامراق بولۇپ كەتتىكى، ئۆز قىزىدەك كۆيۈنۈش ۋە سۆيۈنۈش بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. خەلچەم ئۆزىنىڭ ۋۇدېڭيۇنگە بولغان تەشەككۈرىنى ناخشا بىلەن ئىپادىلەش ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئورۇنۇپ كۆردى، ئۆمەك باشلىقى توختى نەزىر ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى نەزەردە تۇتۇپ، تېكىست يازغۇچىلىرىغا بىر ناخشا تېكىستى ئىجاد قىلىپ بېرىشنى تاپىلىدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا: «ئاق خالاتلىق پەرىشتە» ناملىق كۈي بارلىققا كېلىپ، ئەل- ئاۋام ئارىسىدا ياڭراشقا باشلىدى:

سۆيەر خەلق مەڭگۈگە سېنى،
بولغاچ ئۆزۈڭ ئىجاتكار جەڭچى!
پەرىشتىنىڭ ئۆزى سەن گويا،
بىمارلارغا كۆيگەن يۆلەكچى!

بۇ ناخشا كۆپ قېتىم سەھنىلەردە ئوقۇلدى، ئۇ كېيىنچە پامىر ئېگىزلىكىدىكى چارۋىچىلارنىڭ خەلق ناخشىسىغا ئايلىنىپ، كىشىلەرگە مېھرىبانلىقنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. دېمەك، بۇ كىچىك بۇلبۇلنىڭ يۈرەك ساداسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلۇغچات ناھىيەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋۇ دېڭيۇنگە بولغان يۈرەك ساداسى، مەدھىيەسى بولۇپ قالدى......

# ھەيكەلدە چاقنىغان سىما

1985 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۇلۇغچات ناھىيەسىدە قاتتىق يەر تەۋرەپ ھەممىلا يەر خارابىلىككە ئايلاندى. قايتا قۇرۇش خىزمىتى باشلانغاندا، ھەرقايسى تەرەپلەر ئويلىشىپ ۋۇدېگيۇننىڭ سىماسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر ئىش قىلىشنى ئويلىدى. ئاخىر ئۇلار ئۇلۇغ پرولېتارىيات جەڭچىسى بېتيۇننىڭ ھەيكىلىنى ئۇلۇغچات ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ھويلىسىغا ئورنىتىپ، ئۇنى ۋۇدېگيۇننىڭ سىماسى قىلىشنى پىلانلىدى ھەمدە تۇجۇپىلەپ ئىشلەپ، ھەيكەلنى پۈتكۈزۈپ ئورناتتى. ئۇ ھەيكەل دوختۇرخانىغا يېڭىچە تۈس بېرىش بىلەن بىر چاغدا، كىشىلەرگە بېتيۇنغا ئوخشاش ئىنسانىيەت ئۈچۈن خالىس ئىشلەپ، بەخت ئاتا قىلىدىغان بىر دوختۇرنىڭ بۇ يەردىمۇ بارلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇرىدىغان بولدى.

يەر تەۋرىگەن ئاشۇ چاغدا ۋۇ دېگيۇن بىر قولىنى ئىككى قىلالماي ئالدىراش ئىشلىدى، دەل شۇ چاغدا دادىسىنىڭ ئاشقازان راكى ئېغىرلىشىپ جان ھەلقۇمىدا ئوغلىنى سېغىنىپ نالە قىلىۋاتاتتى. ۋۇ دېگيۇننىڭ جېجياڭ

شەھەرلىك سەلەركە ئاپتوموبىل زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان ئىنىسى ۋۇ دېڭلىن ئاكىسى ۋۇ دېڭيۇنگە تەكرار تېلېفون قىلىپ دادىسىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ ئۇمىدىنى، يەنى ۋۇدېڭيۇننى كۆرۈش ئارزۇسىنى ئۇقتۇرۇپ ئۇنىڭ تېزدىن قايتىپ كېلىشىنى ئۆتۈندى. بىراق، ۋۇ دېڭيۇن ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى خىزمەت جىددىيچىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ يۇرتىغا بارمىدى. بىرقانچە ئايدىن كېيىن، ۋۇ دېڭيۇن ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىگە خىزمەت دوكلاتى بەرگىلى باردى، بۇ چاغدا تەشكىل ئۇنى يۇرتىغا بېرىپ، بىتاب ياتقان دادىسىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇرتىغا باردى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان، بىر- ئىككى كۈنلۈككلا ئۆمرى قالغانىدى. ۋۇدېڭيۇن دادىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى، شۇ چاغدا ئۇ ئانىسىنى ئەسلىدى.

ئەينى چاغدا ئۇ ئانىسىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىگەن، ھەتتا كېسىلىنىمۇ يوقلاپ بارالمىغان، چۈنكى شۇ چاغدا ئۇ مەلۇم يېزىدا يۇقۇملۇق كېسەللىكتىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى ئىشلەۋاتاتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئېغىر ئەھۋالدا قالغان، ئۇلارنى ئويلىسا ۋۇ دېڭيۇنىنىڭ يۈرىكى ئېچىشاتتى، ئۇنىڭ بالىلىقىنى بەرگەنمۇ، بوۋاقلىق ئىشىنىمۇ ئاشۇ ئانىسى بىلەن دادىسى ئىدى، ئۇلار بالىلىقىنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلىپ ئۇقۇتقان. سەكراتتا ياتقان دادىسىنى يەنە تاشلاپ كەتسە، ئۇنىڭ ۋىجدانى قانداق چىدايدۇ......

لېكىن، ۋۇ دېڭيۇن قايتىپ كېتىشكە ئالدىرىدى، ئۇ

«مېنى نۇرغۇن بىمار ساقلاپ تۇرىدۇ، ئاز بولمىغان خىزمەت كۈتۈۋاتىدۇ» دەپ ئويلايتتى. ئۇنى قىستىغان ئىش خەلقنىڭ ئىشى، شۇنداقلا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى ئىدى، ئۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق بۈيۈك ئىش مەۋجۇت ئەمەس دەپ ئويلاپ، ئاخىر قايتىپ كەتتى، ھەممە ئىشنى ئىنىسىگە تاپىلىدى. ئۇ قايتىپ كېتىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىنلا دادىسى قازا قىلدى. بۇ چاغدا يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇش ئىشلىرى ناھايىتى جىددىي باسقۇچقا كېلىپ قالغان بولۇپ، نۇرغۇن ئىش ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈمىگە بېرىشتىنمۇ ۋاز كېچىپ، نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ نەتىجىلىك ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

ئىنسان ئۈچۈن ئاتا - ئانىدىن ئۇلۇغ ھەم مېھرىبان كىشى بولمايدۇ، ۋۇ دېڭيۇن ئۈچۈنمۇ شۇنداق ئىدى، بىراق ئۇ شەخسىي ئىشىدىن دۆلەت ئىشىنى، خەلق ئىشىنى ئەلا بىلدى. ئۇ مۇنداق ئويلىدى: ئۇلۇغچات ناھىيەسىدىكى ئالدىراش ئىشلىرىم تۈگىسە، شەرەپ گۇۋاھنامىلىرىم، مېداللىرىمنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ئانام بىلەن دادامنىڭ تۇپراق بېشىغا قويۇپ، ئۇلاردىن ئەپۇ سورايمەن!......

بىراق، شۇنچە يىل ئۆتسىمۇ ئۇ يەنىلا ئالدىراشلىقتىن بىكار بولالماي، يۇقىرىقى ئارزۇسىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى...... ئۇنىڭ ھەربىر ئىشى ۋە ھاياتى ئاشۇ يەرگە ئورنىتىلغان ھەيكەلنىڭ جۇلاسىدەك چاقناپ تۇردى. بۇ سىما ئاشۇ يەردە نۇرنى ۋە سېخىيلىقنى كىشىلەرگە مەڭگۈ ھەدىيە قىلىدۇ.

# خاتىمە

ئادەم ئۆلىدۇ، ئەجىر ئۆلمەيدۇ؛ ئازاب ئۆلىدۇ، بەخت ئۆلمەيدۇ. چۈنكى، دۇنيا مېھرىبانلىق بىلەن گۈزەل، ئادەم مېھرىبانلىق سەممىيلىك ئارقىلىق ئۆزىنى يارىتىدۇ. بىز بۇ كىتابتا تەرىپىنى قىلغان ۋۇ دېكيۇن سەممىيلىكنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر مىزانى قىلغان. ئۇ يەنە ئاشۇ زېمىنغا مۇھەببەت باغلىغان. مۇھەببەت سەممىيەت بىلەن قەدىرلىك، ئۇ مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان بولاققا ئوخشاش بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ مۆجىزىلەر، ئۇلۇغ ئىشلار يارىتىلىدۇ. مانا مۇشۇ بىر قاتار ئىشلار ۋۇ دېكيۇننى ياراتتى ۋە ئۇنى ھايات، كەسپىنىڭ ۋەسلىدە ھەقىقىي جەۋلان قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.

ۋۇ دېكيۇننىڭ قارىشىچە، ئۇ ئۇلۇغ ئىجادىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى ئەمەس، بەلكى قوغدىغۇچىسى! ئۇ دەل مۇشۇ ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغان، كەسپىنى ۋايىغا يەتكۈزۈشنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش بەدىلىگە باشقىلارغا ئۇلۇغ روھنى، ئادىمىيلىك پەزىلىتىنى نامايان قىلغان. دېمەك، ئادەم ئۆز ئىشى بىلەنمۇ قەدىرلىك، شۇنداقلا ئۆز ئىشى ئارقىلىقمۇ شۆھرەتلىك بولالايدۇ. گەپ

ئۇنى بارلىقىنى ئاتاپ تەقدىم قىلىپ، ھەقىقىي يوسۇندا نامايان قىلىش - قىلالماسلىقتا بولىدۇ.

ھازىر قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋۇ دېڭيۇن 46 يىللىق خىزمەت ھاياتىدا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئاجايىپ ئۇنتۇلماس ياخشى ئىشلارنى قىلدى، ئۇنىڭ ھەربىر ئىشىغا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق، كۈچلۈك قىزغىنلىق سىڭگەن بولۇپ،ئۆزىنىڭ بارلىقىنى چېگرا رايون خەلقىگە ھەقىقىي بېغىشلاپ، ئىلگىرى - ئاخىر 30 نەچچە قېتىم ھەقسىز قان تەقدىم قىلىشتەك كىشىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدىغان ئۇلۇغ ئىشنى قىلغان. ئۇ يۈكسەك كەسپىي ئەخلاقى ئارقىلىق ئىش ئورنىنى قەدىرلەپ، ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن سانسىزلىغان بىمارنى قۇتقۇزۇپ، ئازابتىن خالىي قىلغان. ئۇنىڭ روھى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى، ئۇيۇلتاشتەك بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىلھام بېرىدۇ، بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭغا ياردەمگە كېلىۋاتقان كادىرلارغا بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە نېمىلەرنى قىلىپ بېرىشى زۆرۈر بولغانلىقىدەك مۇھىم ئىشنى ھېس قىلدۇرسا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چۈشىنىشىنى قانداق چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇقىملىق، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق تەرەققىياتىدىكى كۈچنى قانداق ئۆستۈرۈش ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاش-تۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

2010 - يىل 6 - ئاي، قەشقەر

本书介绍优秀共产党员、民族团结典范吴登云同志光荣而动人的事迹。

مەسئۇل مۇھەررىرى: **گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ئارزۇگۈل سىدىق**

# ۋۇ دېگيۇن

پىلانلىغۇچى: **ئەركىن ئەمەت**

ئاپتورلىرى: **ئەسقەر ئەھمىدى**
**ئابلەت جۇمە تۇپراق**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 م م 1/32
باسما تاۋىقى: 3.5 قىستۇرما ۋارىقى: 4
2011 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2011 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3500

---

ISBN 978—7—5373—2291—1
باھاسى: 8.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 — 2653927



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئىلشات تۇرسۇن

ISBN 978-7-5373-2291-1

9 787537 322911 >

（民文）定价：8.00 元